# خوتەن تارىخي ماتېرىياللىرى

## 1-قىسىم

3-

خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش
تارىخي ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى

1989-يىل، مارت

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

سراج الدين شمس الدين التركستاني

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1

ئاپتورلارنى تونۇشتۇرۇش ........................................ 4

«خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ...... 1

كونا جۇڭگودا چەت ئەللىكلەرنىڭ خوتەندە يۈرگۈزگەن
زور ۋاندىلىقلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە ........................ 14

ئىسلام قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولغان بىر قېتىملىق زور
بېسىم توغرىسىدا ........................................ 26

خوتەن شەھرىدە قەدىمي ساقلىنىپ كەلگەن چوڭ
يادىكارلىقلار ........................................ 35

خوتەن ئىسلام قوزغىلىڭى توغرىسىدا .............. 47

ماخوسەن خوتەندە ........................................ 92

خوتەننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخي ........... 133

خوتەندە پەيدا بولغان يېڭى شەيئىلەر توغرىسىدا 153

# كىرىش سۆز

يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قىلىش ھەردەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر خىزمىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەرساھە زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغىتىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خوتەن شەھىرىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتى گەرچە كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى، ماسلىشىشى ئارقىسىدا «خوتەن تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ بىرىنچى توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا سەككىز پارچە ماقالە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىن 2-، 3-توپلاملىرى يەنە داۋاملىق نەشر قىلىنىدۇ.

خوتەن شەھىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا

جايلاشقان، ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمىي شەھەر بولۇپ،
ئاساسەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لې-
كىن، خوتەن شەھىرىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى بە-
لىدىغانلار كۆپ ئەمەس. بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر زاتلار،
ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلار، مەشھۇر شەخسلەر بىزنىڭ تا-
رىخىي ماتېرىياللارنى توپلىشىمىزغا يېقىندىن ياردەم قىلدى
ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، بىز بۇ يولداشلارغا سە-
مىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ سانىمىزغا شەھىرىمىزنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى تا-
رىخىي ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزدۇق. تارىخىي ماتېرىيال-
لارنى توپلاش، تەھرىرلەش جەريانىدا شەھەرلىك سىيا-
سىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قى-
لىش ھەيئىتى كۆپ قېتىم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ،
ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كەڭ پىكىرىنى ئېلىش، ئىنچى-
كىلىك بىلەن تاللىۋېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئىمكان قەدەر
تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت-
تىن ئىزدەش، ماقالىنىڭ ئەسلى مەزمۇنىنى ساقلاپ قې-
لىشنى چىقىش قىلدۇق.

خوتەن شەھىرى قەدىمدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايىتى-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ
كەلگەن. بەزى ئەھۋاللار مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

تەجرىبىمىز كەمچىل، تەھرىرلەش سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، ماتېرىياللارنى نەشر قىلىشتا خاتالىق، كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمايمىز. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ۋە بىلىملىك زاتلارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىپ تەنقىت، تۈزىتىش بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خوتەن شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ھەيئىتى.

1989-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى


ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتورلار




**داموللاھاجى ئابلىمىت يۈسۈفى.** 1924-يىلى خوتەنشەھەر ئىچىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم تەھسىل قىلىپ تىبابەتچىلىك ۋە تارىخقا ئىشتىياق باغلىغان ھەم بۇ ئىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن تىبابەتچىلىك ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر ياراتقان. «تىببىي تىبابەت قامۇسى»، «ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشىردىن چىقىپ، جامائەتچىلىك ئىچىدە زور تەسىر پەيدا قىلغان. «دىۋان لۇغەت تۈرك»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. كىچىكىدىن تارتىپلا تارىخ توپلاشقا ۋە يېزىشقا كۆڭۈل بۆلگەن. ھازىرغىچە بىر مۇنچە تارىخىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

ھازىر مىللىي تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىدا پروفېسسور ئۇنۋانى بىلەن تىبابەتچىلىك كەسپىدىن دەرس ئۆتمەكتە.




**مەمتىمىن توختى.**

1920-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى خوتەن شەھەر ھەزرەت سۇلتان مەھەللىسىدە ھاللىق دىنىي كەسىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن تارتىپلا دىنىي ئۆلىمالاردا ئوقۇغان. 1940-يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ چايخانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى بولۇپ مەدەنىيەت-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئازادلىقتىن كېيىن سوت مەھكىمىسىدە ۋە خەلق بانكىسىدا ئىشلىگەن. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا تارىخقا قىزىقىپ، تارىخىي ۋەقەلەردىن خاتىرە قالدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. 1980-يىلى خەلق بانكىسىدىن پېنسىيىگە چىققان.



**ئابدۇقادىر مۇھەممەدى.**

1921-يىلى خوتەن ئەلچى شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1929-يىلى سەككىز ياشقا كىرگەندە دەسلەپ خەنزۇچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1933-يىلدىن 1939-يىلغا قەدەر دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ داڭلىق ئۆلىمالاردىن بىلىم ئالغان. كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبىيات ۋە تارىخقا ئىشتىياق باغلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن مەمۇرىي ۋە مائارىپ خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ئابدۇقادىر مۇھەممەدى ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان. تارىخ تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. ھازىر پېنسىيەگە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن يەنىلا يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا.



ئابدۇرېشىت ھاجىم. 1914-يىلى خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان، يەتتە يېشىدىن تارتىپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، قاراقاشقا بېرىپ مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ (ھەزرەت) مەدرىسىدە بىلىم ئالغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن تۇغقانچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالغان. 1933-يىلىدىكى ئىسلام قوزغىلىڭى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن بىللە ئافغانىستانغا بارغان. 1939-يىلى چۆچەككە كېلىپ، 1940-يىلى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1945-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا كەلگەن ۋە 1947-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەمرات نازارىتىگە خىزمەتكە بەلگىلەنگەن.

ھازىر شورباغ يېزا ئاتچۈي كەنتىدە دېھقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



**نادىرخان.** 1923-يىلى خوتەن شەھىرىدە داڭلىق تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغانىدىن كېيىن خوتەندە قۇرۇلغان تۇنجى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كىچىكىدىن تارتىپ مۇزىكىغا ۋە مۇزىكا ئىلمىگە زور ئىشتىياق باغلىغانلىقى ئۈچۈن، 1941-يىلى مۇزىكا كۇرژوكىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ جەھەتتە زور نەتىجە قازىنىپ، خەلق ئارىسىدا تونۇلغان مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ سەنئەت سېپىدە ئىشلىگەن. مۇزىكا ئىلمىنى پىششىق ئىگەللەپ «تۈن ۋە كۈن» قاتارلىق داڭلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. 1984-يىلى «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن پېنسىيەگە چىققان.

# 1

# «خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

ئابلەمەت يۈسۈپ ھاجى

## «خوتەن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

«خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. بەزىلەر «ئۇدۇن» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلىشى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، قەدىمكى زامانلاردا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە «ئۇدۇن دۆلىتى» دېگەن بىر دۆلەت قۇرۇلغان. 560 يىل داۋام قىلغان ئۇدۇن دۆلىتى ۋاقتىدا، خەنزۇ تىلىدا خوتەن شەھىرىنى «سىچىڭ». خوتەن ۋادىسىنى «يۇۋيتيەن» دەپ ئاتايتتى، بۇ نام شۇنىڭدىن قالغان دەيدۇ. بەزىلەر: خوتەن «يوتقان»نىڭ ئۆزگەرتىلمىسى، چۈنكى، ھازىرقى خوتەن شەھىرى قەدىمكى «يوتقان» كەنتىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: خوتەن دېگەن سۆز «قوتان» (چارۋا سولايدىغان جاي)نىڭ ئۆزگەرتىلمىسى. چۈنكى، قەدىمكى چارۋىچى خەلقلەر چارۋىلىرىنى مۇشۇ يەرگە يىغىپ باققان ئىكەن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: خوتەن بۇقاخاننىڭ قىزى مەلىكە خوتەننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. چۈنكى، مەلىكە خوتەنى خوتەنگە كەلگەن دەيدۇ. بۇ بىرنەچچە خىل كۆزقاراشلارنىڭ تارىخىي ئاساسلىرى بار. بەزىدە مەلۇم رىۋايەتلەر ئارقىلىقمۇ مەلۇم

نىسبەتتەن ئەمەلىي ئۇقۇمغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا تۆۋەندە بىز بۇنى كۆرۈپ باقايلى:

17—18-ئەسىرلاردا خوتەننىڭ يېڭى ئاۋات بولغان جايلىرىدىن كېرىيە ۋە نىيە تەرەپلىرىدە «ئۇدۇن دۆلىتى» دەپ بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى راست، بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى كېرىيە بولۇپ، ئىلچى، قاراقاش، لوپ تەرەپلىرىمۇ ئۇدۇن دۆلىتىگە قاراشلىق ئىدى. كېيىن، بۇ ئۇدۇن دۆلىتى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇدۇن دېگەن نامى «خوتەن»گە ئۆزگىرىپ قالغان دېگەن سۆز قەدىمىي تارىخىي ماتېرىياللاردا بار.

يوتقان دېگەن سۆزگە كەلسەك، خوتەندە ئەسلى يوتقان دېگەن جاي بولغان. ھازىرقى يوتقان خارابىسى بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. يوتقان دېگەن جاينىڭ قەدىمىي خوتەن شەھىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا چەت ئەل تارىخلىرىدىمۇ مەلۇمات بار.

خوتەننىڭ ئەسلى نامىنىڭ قوتان ئىكەنلىكى تارىخىي ھادىسىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. «قوتان» ئەسلى چارۋا سولايدىغان ماكان دېگەن سۆز ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، يەر شارى پەيدا بولغاندىن بېرى ھاۋاكلىماتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ توختاۋسىز يۈز بېرىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، يەر شارىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان. چۆللەرنىڭ شەھەرلەرگە ئايلىنىپ تۇرۇشى، شەھەرلەرنىڭ چۆللەرگە ئايلىنىپ تۇرۇشى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قانۇنىيىتى بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتتىن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزمۇ خالى بولالمىغان. مەسىلەن: مىلادىيىدىن 5-10مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي-جەنۇبىي قىسمىدىكى تارىم ۋادىسى دەپ ئاتالغان جاي ناھايىتى ئاۋات، دەريا، كۆللەر كۆپ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇنى ئوراپ تۇرغان كونلۇن تاغلىرىنىڭ ھەممىسى مۇزتاغلار بولۇپ، ئېقىن سۇلار سىيراپ جاي ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمى بولغان كېرىيە، نىيە، چىرىيە، خوتەن ناھىيەلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئاۋات ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى چارۋا ۋە پايانسىز يايلاقلار، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ئىدى. مىلادىيىدىن 2-3ئەسىر بۇرۇن بۇ تەرەپلەردە توپا ۋە قۇم بالاسى يۈز بېرىپ، كونلۇننىڭ مۇز تاغلىرى ئېرىپ تۈگەپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسى قۇم بالاسى ئاستىدا قالغاندا، ئۇ يەردىن قېچىپ چىققان خەلقلەر تەرەپ-تەرەپلەرگە تاراپ كەتكەن. بىر قىسمى

-چارۋىچىلار مىليونلىغان چارۋىلارنى ھەيدەپ كېرىيىگە،
نىيەگە، چەرچەن، چاقىلىق ۋە خوتەن تەرەپلەرگە يۆتكە-
لىپ كەلگەن. بۇ توغرىدا ئىشەنچلىك تارىخىي كىتاب-
لاردا ئېنىق مەلۇماتلار بار. ئۇلار چارۋىلارنىڭ كۆپ
قىسمىنى خوتەن، بۇيا، پىشە يايلاقلىرىدا ۋە خوتەن،
قاراقاش دەريا بويلىرىدا يەرلەشتۈرگەن. شۇمەزگىللەردە
ئۇلار بۇ تەرەپنى قوتان دەپ ئاتىغان ۋە بۇ نامنىڭ كې-
يىنكى ۋاقىتلاردا خوتەنگە ئۆزگەرگەنلىكى ئەمەلىيەتكە بىر
ئاز يېقىن. ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى (شەھەر ئىچى)
ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كىچىك ئارالچە
بولغاچقا (كىچىك ئارال)، بۇ ناھىيىنى «ئارالچە» دەپ
ئاتىغان، كېيىن بۇ ئارالچە دېگەن سۆز «ئىرناچى» ۋە
«ئىلچى» دېگەن سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئىلچىنىڭ
كۈن چىقىش تەرىپىنى كۈن دەسلەپ ئىگىلىگەندە شۇ تە-
رەپنى يورۇتۇپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن «يورۇڭقاش» دەپ
ئاتىغان. دەريامۇ ھەم شۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئىلچىنىڭ
كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىنى قاراڭغۇ قاش دەپ ئاتىغان.
كېيىن بۇ سۆز قاراقاش بولۇپ قالغان. بۇ يەردىكى
دەريامۇ ھەم شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىككى دەر-
يانىڭ ئوتتۇرىسى ئىلچى شەھىرى بولۇپ، كېيىنكى ۋا-
قىتلاردا ئىلچى دېگەن سۆزمۇ تاشلىنىپ كېتىپ «خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەھىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

خوتەن شەھرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى (بۈگۈنكىدىن تەخمىنەن مىڭ يىل بۇرۇن) ھازىرقى بورازان كەنتىدىكى يوتقان دېگەن جاي بولۇپ، يوتقان شەھىرى كۈچلۈك خان قالماق تەرىپىدىن (12-ئەسىردە) ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى خەلقلەر ھازىرقى ئىلچى دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەرنى ئاۋات قىلىپ ئولتۇرغان. بۇ مەھەللىلەر كېيىن تەرەققىي قىلىپ شەھەرگە ئايلانغان. بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى سۇدەرۋازىسى، گۇجان دەرۋازىسى، ھېيتكا دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقى بولۇپ، ئىلچى دەرياسى شەھەرنىڭ شەرقىي قىرغىقى ئىدى.

مەلىكە خوتەننى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

بۇ قاخان قىزى مەلىكە خوتەننى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى، ھاۋاسى ساپ، باغۇ-بوستانلىق گۈزەل جاي تېپىش ئۈچۈن، ياساۋۇللىرىنى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار خوتەنگە كەلگەندە، خوتەن ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ گۈزەل چىقىدۇ-دە، مەلىكە ئۈچۈن مۇشۇ يۇرتنى تاللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە خوتەننى بۇ يۇرتتا تۇرىدۇ ۋە كېيىنچىلىكتە مەلىكە خوتەننىڭ نامى بويىچە «خوتەن» دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن، مۇشۇ

رىۋايەت ئارقىلىق خوتەن دېگەن نامىنىڭ كېلىپ چىقى-
شى توغرىسىدا كەڭ كىتابخانلارنى ئويلىنىشقا سالىدۇ.

دېمەك، ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ پەيدا بولۇشى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، تارىخىي ھادىسىلەر، جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىش، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ تەدرىجىي سۈركىلىشى ۋە ھەر خىل رىۋايەتلەر نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قەدىمكى تارىم ۋادىسى، تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا ياشىغان مىللەتلەر ساكلار، تۇرالەر، ئوغۇزلار (توققۇز ئوغۇز) ھونلار بولۇپ، قەدىمكى خوتەن خەلقىمۇ مۇشۇ مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. «تارىخىي ئومۇمىي»، «مۇقەددىمە ئىبنى خەلدۇن»، «تارىخنامە»، «خەننامە»، «بوزقىر پادىشاھلىقى» قاتارلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىنغان كىتابلاردىمۇ بۇ توغرىلىق مەلۇماتلار بار. يۇقىرىقىدەك مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان خوتەن خەلقى قەدىمكى تۈركىي قەۋملەر نەسلىگە مەنسۇپ بولغان تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلەيتتى.

ماھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋان لۇغەت تۈرك»دە سۆزلىگەن بىر سۆزىدە: «خوتەن تىلى ھىندى تىلىنى ئاساس قىلغان مەخسۇس تىل ئىدى» دەيدۇ. بۇمۇ تارىخىي ئەمە-

لىيەتكە ئۇيغۇن، چۈنكى قەدىمكى خوتەننىڭ ئاساسى خەلقئارا يولى نىيە، چەرچەن ئارقىلىق تىبەتكە قاتنايدىغان چوڭ يول ۋە دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە، موڭغۇلىيەگە قاتنايدىغان چوڭ يول ئىدى. بۇ يول ئارقىلىق خوتەنگە ھىندىستان تەسىرى، ھەتتا ئىران ۋە يۇنان تەسىرى ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەنزۇ خەلق مەدەنىيىتى، زاڭزۇ ۋە موڭغۇل مەدەنىيەتلىرىمۇ خوتەن ئاھالىسى ئىچىدە خېلى كەڭ تارقالغان. قەدىمكى زامانلاردا شەرق ئەللىرىنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن شامانىزم دىنى خوتەن خەلقى ئىچىدىمۇ كەڭ تۈردە مەۋجۇت ئىدى. بۇ، دىن قەدىمكى زامانلاردىكى ئىپتىدائى قەۋملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان خۇراپىي كۆزقارىشىنى ئاساس قىلغان دىن بولۇپ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار كۈن، ئوت، سۇ ۋە تۇپراقنى خۇدا دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇنىڭدەك تەبىئەتتىكى چوڭ جىسىملار، كاتتا تاغلار، چوڭ دەرەخلەر ۋە چوڭ دەريالارنىمۇ خۇدانىڭ ئۇلۇغلىرى، بۇلاردا روھلار، جىن-شەيتانلار ماكان تۇتىدۇ؛ ئادەملەرنىڭ بەخت-سائادىتىنى شۇلار بەلگىلەيدۇ. ئادەملەرگە كېسەل ۋە باشقا ئاپەتلەرنىمۇ جىنلار سالىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ھازىرقى پىر ئويىنىتىش، داپ چېلىپ جىننى قوغلاش، داخانلىق قى-

مىش، چاچراتقۇ سېلىش، ئوچاقنى سېلىش، بوي كېپەك
سېلىش، توغ- ئەلەم تىكلەش قاتارلىق ئادەتلەر ئۇيغۇر-
لاردا شامانىزم دىنىدىن قالغان خۇراپىي ئادەتلەردۇر.
دېمەك، 7-، 8-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلاردا شامانىزم دىنى ھۆكۈم
سۈرۈپ كەلگەن. بۇ چاغدا شامان، قامان ناملىق شەيخ-
لەر ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى مەھەللە ۋە شەھەرلەرنى
باشقۇراتتى. بولۇپمۇ خوتەن خەلقىدە ئاقساقاللىق تۈزۈ-
مى كەڭ ئىدى. تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچىلا ھەر خىل تە-
بىقە ۋە كەسىپ باشلىقلىرىنى «ئاقساقال» دەپ ئاتايتتى.
قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى سۆزلەيدىغان «دەدە
قورقۇت» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك بۆرە ۋە قى-
زىل تۈلكىلەرنىمۇ مەبۇد دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى،
قارا، قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەردىكى مەخلۇقلاردىمۇ بىر
خىل روھىي خاسىيەت بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى
سۆزلىنىدۇ. شامانىزم مۇئەززىللار ۋە باشقا تۈركىي مىللەت-
لەر ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا، شامانىزم تەلىما-
تى بويىچە ئادەم ئۆلتۈرۈش، قان تۆكۈش، ھايۋانلارنى
بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىش، تىرىك مەخلۇقلارنى يوقىتىپ
نام قازىنىش ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىش دەپ چۈشەندۈرۈل-
گەنلىكى ئۈچۈن، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر
داۋاملىق سوقۇش- ماجىرا، قان تۆكۈش ۋە قىرغىنچىلىق

بىلەن مەشغۇل بولاتتى. موڭغۇللار، خونلار، ئاتىلا، چىڭ-
گىز تارىخىي بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. كېيىن ئىران تەرەپ-
تىن كەلگەن مانىزىم دىنى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىق-
تى. مانىزىم ئېتىقادى بويىچە تىرىك مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈش،
قان تۆكۈش، قىرغىنچىلىق قىلىش گۇناھ. ياۋاش بولۇش،
سوقۇش-جېدەل قىلماسلىق ساۋاب دەپ چۈشەندۈرۈلگەنلىكى
ئۈچۈن، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ياۋاش - يۇمشاق
بولۇپ قالغان. خوتەندىمۇ مانىزىم ھۆكۈم سۈرگەندە
تىنچلىق يۈز بەرگەنىدى. كېيىن ھىندىستان ئارقىلىق خو-
تەنگە بۇددا دىنى تارقالدى. بۇددا دىنىنىڭ كۆپ قىس-
مى مانى دىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇددا دىنىنىڭ خوتەن-
دە تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ بولدى. خوتەننىڭ ھەر بىر
ناھىيە، بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا چوڭ-چوڭ بۇتخانىلار قۇرۇل-
دى. ھازىرقى كۈندە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى نا-
ھىيە ۋە رايونلىرىدا تېپىلىۋاتقان، يەر ئاستىدىن چىقى-
ۋاتقان كەج، سېغىز ۋە ياغاچتىن ياسالغان، تاشتىن
ياسالغان بۇتلارمۇ ئۇيغۇر خەلقىدە بولۇپمۇ خوتەن شە-
ھىرىدە بۇتپەرەسلىكنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ھۆكۈم
سۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

8- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمى (840-يىللىرى) ئىچ-
كى موڭغۇل، قارا باغاسۇن، ئەركىنى قول ۋە يەن-

سەي ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، كۇچار، خوتەن، قەشقەرلەردە يەرلىشىپ ئاۋۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ھەم بۇ يەرگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەسلىدىكى ئاھالىدىن ئۈستۈنرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئاسانلا سىڭىشىپ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن.

9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى خوتەنگە قەشقەردىكى قاراخانىلار ئارقىلىق ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، خوتەن خەلقى ئۇزۇن مۇددەت قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى بۇتپەرەستلىكنى تاشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي تۈزۈم، تىل-مەدەنىيەت ۋە قىياپەتلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شەھەر رايونىنىڭ ئاۋات جايلىرىنى ئىگەللەپ تۇرغان بۇتخانىلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت، مەكتەپلەر، جامە-خانىقالار قۇرۇلدى. قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت ئارقىلىق خوتەنگە ئەرەب، پارىس ۋە ھىندى مەدەنىيەتلىرى كۆپلەپ كىرىشكە، ئىلىم-مەرىپەت ئومۇملىشىشقا باشلىدى. چوڭ زىيالىيلار، ئۆلىمالار بارلىققا كەلدى. تەرەپ-تەرەپلەردە ئىلىم-پەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاناردىپ راۋاجلىنىپ، خوتەن بىر مەرىپەت گۈلزارىغا
ئايلاندى. مانا شۇنداق بىر مەزگىلدە (1210-يىللىرى)
سىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىن جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈ-
رۈپ كېلىۋاتقان موڭغۇللار ئىستىلاسىنىڭ ئۇچقۇنى كۈچلۈك
خان قالماق قەشقەر ۋە خوتەنگە كېلىپ، بۇ ئاۋات، گۈزەل
شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغانىدى. شۇنداقلا خوتەننىڭ دەش-
ھۇر ئۆلىمالىرى، مۇسۇلمانلىرىنى قىرغىن قىلغانىدى.
«رەۋزەتۇ سافا»نىڭ بايان قىلىشىچە، كۈچلۈك خان خوتەن-
دىكى داڭلىق ئۆلىمالاردىن ئەلائىددىن خوتەنىنى دېگەن
زاتنى 3000 شاگىرتى بىلەن ھازىرقى بوززان يېزىسىنىڭ
يوتقان كەنتىدە ئۆلتۈرگەن ۋە كىتابلىرىنى كۆيدۈرگەن
دەپ يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈللەنگەن يوتقان شەھىرى
ياكى خوتەن شەھىرى ۋەيران بولغان. كېيىن كۈچلۈك
خان-چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي خەلققە
دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئېلان قىلىنغان ۋە خوتەن خەلقى يەنە
ئىسلام دىنى تۈزۈمىنى قايتا بەرپا قىلىپ، خوتەن شەھىرى-
نى ئاۋات قىلغان. چوڭ جامە، مەسچىت، مەدرىسە، مەك-
تەپ، ئوردا، سارايلارنى تەسىس قىلغان. بولۇپمۇ بۇ
ئىشلار قاراخانىيلار دەۋرىدە ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە
كۆپ راۋاج تاپقان.

خوتەن ياقا- پوچاق، زېمىنى كەڭ، تۆرت شى پاراۋان،

تەبىئىي بايلىقى مول، ئادەملىرى ساددا ۋە مېھماندوست،
ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-سەنئەتكە ئامراق خەلق بولغان-
لىقى ئۈچۈن، بۇ يەرگە تەرەپ-تەرەپتىن ھەر خىل سە-
ۋەبلەر بىلەن ئېقىپ كەلگەن ئادەملەر، دىنىي ئۆلىمالار،
ئىشانلار، خەلپىلەر، خوجا، سەئىد، ئىمام قاتارلىق ئۇن-
ۋانلار بىلەن كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل
كۆز مەككارلار، ئادەمخورلار، ھەر خىل دىنىي مەزھەپتىكى
كىشىلەر، شىئەلەر، رافىزىلارمۇ كۆپ بولغان. ئۇلار خوتەندە
ھەر خىل راست-يالغان مازار-ماشايىقلارنى پەيدا قىلىپ،
خەلقنى ئالداپ جان باققاننىڭ سىرتىدا، خەلقنىڭ شىللى-
سىگە مىنىپ، روھىي جەھەتتىن ئەسىر قىلىۋالغان ياكى تا-
لىپ، مۇرىت، سوپى قىلغان. بۇلارنىڭ نوپۇزى كۆپەيگەن-
سېرى ھاكىمىيەت ئورنىنى تالىشىشقا ئۇرۇنغان. بۇ توغ-
رىسىدا كېيىنكى زامان تارىخىدا مىساللار كۆپ تېپىلىدۇ.

خوتەن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئۇزاق
زامانلاردىن بۇيان تالاش-تارتىش كۆپ بولۇپ كەلدى.
مەن مۇشۇ ماتېرىيالىم ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارنىڭمۇ بۇ
مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2

# كونا جۇڭگودا چەتئەللىكلەرنىڭ خوتەندە يۈرگۈزگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

مەممەتىمىن توختى

## كونا جۇڭگودا چەتئەللىكلەرنىڭ خوتەندە
## يۈرگۈزگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى
## توغرىسىدا ئەسلىمە

ئازادلىقتىن بۇرۇن خوتەندە چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى بەك ئېغىر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەنگلىس (ئەنگلىيە) پۇقراسى دەپ ئاتىۋالغان ھىندىستانلىق، پاكىستانلىق ۋە ئافغانىستانلىقلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا رۇسىيەدىن كەلگەن بىر قىسىم ئۆزبېكلەرمۇ بار ئىدى. ھىندىستانلىقلاردىن خوتەندە ئارانلا يەتتە ئائىلىلىك بار بولۇپ، بۇلاردىن گادايباي (ھىندى ئاخۇنى) دېگىنى قاراقاش ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، قالغان ئالتە ئائىلىلىكنىڭ ھەممىسى خوتەن شەھىرىدە «نوي-ماكانلىق» بولۇپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى. (ئۇلار: مۇللىباي، نالىباي، تارىباي، راتامباي، راكسىيىم باي؛ نالۇچەمبايلاردىن ئىبارەت.)

ئۇنىڭدىن باشقا ھىندىستانلىقلار ھەرىيانى سودا-سېتىق ئۈچۈن خوتەنگە كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. بەزىلىرى سىياھەت نامى بىلەن كېلىپ تارىخىي ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلاپ ياكى ئالداپ ئېلىپ كېتەتتى.

ئافغانىستانلىقلار (كابوللۇقلار) خوتەندە 30 چە ئائىلە بولۇپ، ئۇلار خوتەن شەھىرىنىڭ قىزىق دەرۋازىسىدىكى «كابول كوچىسى»غا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ نوپۇسى كېيىنكى مەزگىلدە كۆپىيىپ 200 گە يەتكەن.

ئۆزبېكلەر روسىيىنىڭ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جايلىرىنىڭ بۇخارا، تاشكەنت، ئەنجان، سەمەرقەنت، نامەنگەن، قوقان، مەرغىلان، ئوش، قاراقېيىر، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلىرىدىن سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن كېلىپ، خوتەننىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قىزىق دەرۋازىدىكى ئەنجان كوچىسىدا بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۆزبېكلەر باشتا چەتئەللىكلەردىن كۆپ سانىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىش ئەھۋالى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يەرلىك خەلق بىلەن ئۆزئارا نىكاھلىنىپ، ئۆزئارا چىقىشىپ، ئۆزئارا سودا-سېتىق قىلىشاتتى ھەمدە ئۆي-ماكان، يەر-زېمىن سېتىۋېلىپ ياكى ئىجارىگە ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. يەنە ئۇلار شەھەر ئەتراپىدىن يەر-زېمىن سېتىۋېلىپ، مەخسۇس قەبرىستانلىق بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا «مۇساپىر زەرەتلىق» دەپ نام بەردي. (ھازىرقى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ شەرق تەرىپىدە) بۇ قەبرىستانلىقتا ئەسلى ئۆزبېكلەرنىلا دەپنە قىلى-

غان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو پۇقرالىرى بىلەن نىكاھلىنىپ تۇغ-
قانلىق قويۇقلاشقاندىن كېيىن يەرلىك خەلقلەرنىڭ جەسەت-
لىرىنىمۇ دەپنە قىلىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەب-
رىستانلىق خوتەن شەھىرىدىكى ئاساسىي قەبرىستانلىق بو-
لۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا غوپۇرجان ھاجىم، ئابىلاجان
ھاجىم قاتارلىق ئۆزبېكلەر خوتەن شەھىرىدە ئىككى مەدرى-
سە، يەتتە مەسچىتنى ناھايىتى كۆركەم قىلىپ ياساتقان.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان.

خوتەندە ئولتۇراقلاشقان چەتئەل پۇقرالىرى ئىچىدە
روسىيە پۇقرالىرى بىلەن ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ قەشقەر
كونسۇلخانىسىغا ۋەكالىتەن ئىش باشقۇرىدىغان ئەمەلدارى
بار ئىدى. ئۇنى «ئاقساقال» دەپ ئاتايتتى. يەنە شۇنداقلا
خوتەندىكى 20 نەچچە ئائىلىلىك ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ
دىپلوماتىك ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىدىغان «خانسا-
يىپنىڭ سارىيى» دەپ ئاتايدىغان بىر ئورگىنى بار ئىدى.
ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى چايخانا مەكتەپنىڭ ئورنىدا بولۇپ،
بۇ جاينى خانسايىپنىڭ سارىيى دەپ ئاتايتتى. بۇ ساراينىڭ
مەسئۇلى ئافغانىستانلىق بەدىدىنخان (ئېھتىمال بەدىر-
دىنخان بولسا كېرەك) دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ساراي ياۋرو-
پاچە نۇسخىدا ياسالغان بولۇپ ناھايىتى كۆركەم ئىدى. سا-
راي ئارقا تەرىپىدە «چاھارباغ» دەپ ئاتالغان كاتتا بىر

باغ بولۇپ، ئۇ باغ بۈيۈك-باراقسان، كۈن چۈشمەيدىغان ھاۋالىق ھەم كۆركەم ئىدى. بۇ باغنىڭ يېرىمى ھازىرمۇ بار.

بەدىيدىن خان تۆت ئوغلى بىلەن مۇشۇ قورۇدا تۇراتتى. بىرىنچى ئوغلى پەيزىمەتخان دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىككىنچى ئوغلى جامالخان دادىسىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ ئەنگلىس پۇقرالىرىنى باشقۇراتتى. ئۈچىنچى ئوغلى كامالخان چاھارباغدا ئىچىملىك، چېكىملىك بىلەن كەيپ-ساپا قىلاتتى. تۆتىنچى ئوغلى جالدۈك خان سىرتلاردا كەيپ-ساپا بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ سانى خوتەندە بەك ئاز بولسىمۇ، لېكىن كونا جەمئىيەتتە ئۆز پۇقرالىرىمىز بەھرىمەن بولالمايدىغان ھوقۇق-مەنپەئەتلەردىن ئەركىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىگىمۇ روخسەت قىلىناتتى. ئۇلار قايسى دۆلەت ۋە قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار خوتەندە خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشقا، يەر-زېمىن سېتىۋېلىشقا، نىكاھلىنىش ۋە يىپەكچىلىك كارخانىلىرىنى قۇرۇش، باشقۇرۇشقا ئەركىن ئىدى. جۈملىدىن خوتەننىڭ يىپەك، تېرە، ئۈچەي، يۇڭ قاتارلىق خام ئەشيالىرىنى خالىغانچە ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ كېتەلەيتتى ھەمدە لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسى ۋە تەكلىماكاندا بېرىپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قېزىش، سېتىۋېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ

ئۆز مەھەللىسىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە يول قويۇلاتتى. ئۇ-
لارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايت-
تى. ئۇلارنىڭ چېگرىدىن ئېلىپ كىرگەن ۋە ئېلىپ كەتكەن
ماللىرى ئۈچۈن ھەمدە خوتەندە قىلغان تىجارىتى، سېتىۋال-
غان يەر-زېمىن، ئۆي مۈلۈكلىرى، چارۋا ماللىرى ئۈچۈن
ناھايىتى تۆۋەن مىقداردا ئازغىنە دۆلەت بېجى تاپشۇرغان-
دىن باشقا، تاپاۋەت بېجى قاتارلىق يەرلىك باجلارنى تۆ-
لىمەيتتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا،
سۇ قىس چاغلاردا نۆۋەت كۈتمەيلا خالىغانچە سۇ ئىشلىتەت-
تى. ئۇلار جىنايەت سادىر قىلسا، قانۇن ئالدىدا جاۋابكار
بولمايتتى، ئەگەر جۇڭگو پۇقرالىرى ئۇلارغا دەخلى يەتكۈزسە
قاتتىق جازالىناتتى. مەسىلەن: راتامباي دېگەن ھىندىنىڭ
ئىككى ئىنىسى بولۇپ، چوڭى 20 ياشتا، كىچىكى ئون نەچچە ياش-
لاردا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئەخمەت بەگ شىجاڭ دېگەن كىشىنىڭ
قورۇسىغا يېقىن بولۇپ، 1931-يىلى باھار پەسلىنىڭ مەلۇم
بىر كۈنى ئەخمەت بەگنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ،
راتامباي ھىندىنىڭ چوڭ ئىنىسى مەزكۇر ئەخمەت بەگنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنى گۈلسۈرخانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنىڭ
نومۇسىغا تېگىشكە ئۇرۇنغاندا، ئائىلە قارشىلىق كۆرسىتىپ
قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ئائىلىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭ-
لىغان مەھەللە جامائەتلىرىدىن مەھەممەتمىن مەخسۇم، قادىر

ئاخۇن قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ئۇ ھەممىنى ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇ قېچىپ چىقىپ ئۆز ئۆيىدە دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ھەممىلەر بۇ ۋەقەگە قاتتىق نارازى بولۇپ، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلىغا ئەرز قىلىپ، كونسۇلنى خوتەنگە ئەكەلدۈرىدۇ. كونسۇل خوتەنگە كېلىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى قىستاپ، مەھەممەت مەخسۇم قاتارلىق 13 كىشىنى قاماتىپ قويىدۇ. لېكىن ئون كىشىدىن جەرىمانە ئېلىپ قويۇپ بېرىدۇ. كېيىن مەھەممەت مەخسۇم، قادىر ئاخۇن، روزى ئاخۇن مۇئەززىن قاتارلىق ئۈچ كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىدۇ. بۇلار 1933-يىلدىكى ئىسلام قوزغىلىڭىدا تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىدى.

يۇقىرىدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن يىللاردا مەن 11 ياشلاردا بولۇپ (1931-يىلى) ئاتا-ئانام مەزكۇر روزى ئاخۇن مۇئەززىندىن ھال سوراش ئۈچۈن ئىككى دانە چوڭ چىنە تاۋاقتا ئاش بىلەن ئىككى قاچىدا ئۆرۈك قاچىلاپ تۇرسۇن ئاخۇن خارەت، توختى ئاخۇن كۆۋەن دېگەن ئىككى ئادەمگە كۆتۈرگۈزۈپ، مېنى بىرگە قوشۇپ ئابمال يامۇلىنىڭ تۈرمىسىگە چىقاردى. بىر تاۋاق ئاش بىلەن ئۆرۈكنى تۈرمە باشلىقىغا تارتۇق قىلدۇق. ئاندىن ئۇ كارۋاتتا يانپاشلاپ ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر سىقىم ئاچقۇچنى ئېلىپ بىزنى تاختا شوتا بىلەن چۈشىدىغان زىندانغا باشلاپ كىردى. يەر ئاستىدىكى بۇ زىنداننىڭ ئون

نەچچە ئېغىز ئۆيلىرى بولۇپ، ئىسسىق ۋە سىسىق زەي پۇرد-
قى كىشىنى سەسكەندۈرەتتى. روزى ئاخۇنۇم مۇئەززىن بىلەن
بىللە، «جاتەڭگە يا سىدى» دېگەن جىنايەت بىلەن قامالغان
بارى ئاخۇن قارغۇ دېگەن كىشى بىر كامىردا ئىكەن. ئېسىمدە قې-
لىشىچە، روزى ئاخۇن مۇئەززىننىڭ: «مەن ئەسلىدە بۇ ئىشقا
ئارىلاشمىغانىدىم. ناھەق قامىلىپ قالدىم. مېنى بالدۇرراق
قويۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئەگەر پۇلۇم بولغان بولسا
جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كەتكەن بولاتتىم» دەپ كۆز يېشى قىل-
غىنى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

ئەنگلىيە پۇقرالىرى يەنە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى
سېتىپ ياشلارنى زەھەرلەش، 25% يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز
پۇل تارقىتىپ جازانىخورلۇق قىلىش (بۇنداق پۇل تۆت ئاي-
دا ئۆسۈمى بىلەن دەسمايىسى تەڭ بولۇپ قالىدۇ)
بىلەن كەمبەغەل دېھقانلارنى قەرزگە بوغۇپ، ئۇلارنىڭ
يەر-زېمىن، ھەتتا سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىن مەھرۇم قال-
دۇرۇش قاتارلىق زىيانكەشلىكلەرنى قىلاتتى. مەسىلەن:
خانسا يېپىنىڭ چاھارباغ دېگەن ئوردىسىدا نەشە، ئەپيۇن
چېكىدىغان، قىمار ئويناپ ھاراق ئىچىدىغان مەيخانا بار
بولۇپ نۇرغۇن ياشلارنى زەھەرلىگەن، يەنە جەمئىيەت
ئەھۋالىدىن ماتېرىيال توپلايتتى.

جازانىخورلۇقنىڭ دېھقانلارغا كەلتۈرگەن بالايى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپەتتى ئىنتايىن يامان. مەسىلەن: راتامپاي دېگەن ھىندى خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق يېزا ئازنە بازاردىن بىر دېھقانغا 50 سەر كۈمۈش پۇل قەرز بەرگەن بولۇپ، قەرزنىڭ ئۆسۈمى ئەسلى ئانا پۇلىدىن كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ئىككى يىلغىچە بۇ قەرزنى تۆلەپ بولالمىغان. نەتىجىدە بۇ دېھقاننىڭ بىر قىزىنى قەرزگە ھېسابلاپ مەجبۇرىي ئېلىۋالغان. بۇ قىزنى ئۇ ھىندى خانايىپىنىڭ نەۋرىسى غۇلامخانغا خوتۇنلۇققا سېتىپ بەرگەن. غۇلامخان بۇ قىزنى 1938-يىلى ئافغانىستانغا ئېلىپ كەتكەن.

يەنە بىر مىسال: تارىباي دېگەن ھىندى قاراقاشلىق بىر دېھقانغا قەرز پۇل بېرىپ، ئۇ دېھقانمۇ قەرزنى تۆلەپ بولالمىغاچقا، بىر قىزىنى قەرزگە ھېسابلاپ مەجبۇرىي تارتىۋالغان. بۇ قىزنى مەزكۇر ھىندى ئۆزىگە خوتۇن قىلغان. ئۇ ئايال بۇ ھىندىدىن ئۈچ بالا تۇغقان. كېيىن بۇ ئايال بىلەن بالىلارنى ئېلىپ 1938-يىلى ھىندىستانغا كەتكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاياللار ئۆز ۋەتىنىدىن، ئاتا-ئانىسىدىن مەڭگۈ ئايرىلغان. يەنە بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال شۇكى، مەزكۇر تارىباي ھىندىنىڭ ھېلىقى ئايالى ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپ ئۈچ ياشقا كىرگەندە (بۇ بالا ئوغۇل) خوتەندە ئۆلۈپ كەت-

كەن. بۇ بالىنىڭ جەسىتىنى ھىندى ئۆز ئادىتى بويىچە كۆيدۈرمەكچى بولغان. ئايال قاتتىق نارازى بولۇپ كۆيدۈرۈشكە ئۇنىمىغاندا، ھەممە ھىندىلار يىغلىشىپ: «بىز ھىندىلارنىڭ جەسىتىنى يەر قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز كۆمۈپ باقايلى» دەپ ساندۇققا سېلىپ، ئۆي خىزمەتچىسى نىياز ئاكامنى كۆتەرگۈزۈپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرەپتىكى تامباغ يېزىسىنىڭ دوڭغاق شاتۇت دېگەن يېرىدىكى قەبرىستانلىققا كۆمۈپ قويغان. لېكىن، ھىلە ئىشلىتىپ، كېچىدە چىقىپ ساندۇقنى ئېچىپ، جەسەتنى سىرتقا ئېلىپ قويغان. ئەتىسى ئايالنى باشلاپ چىقىپ: «مانا كۆرۈڭ، جەسەتنى يەر قوبۇل قىلماپتۇ» دەپ ھىندىلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بويىچە ئىشەندۈرۈپ، قايىل قىلىپ ئۆز ئادىتىچە كۆيدۈرىۋەتكەن. ئۇ ئايال يىغا-زارە قىلىپ، ئىلاجىسىز تەسەللى تاپقان.

ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە ئىمتىيازى— ئۇلار جۇڭگو پۇقرالىرىنى خالىغانچە ئۆز پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلالايتتى. مەسىلەن: خوتەننىڭ يەرلىك سودىگەرلىرىدىن ئىمىن ھاجىم تەنزىچى، ئىمىن ئاخۇن داكىچى، ئابلاجان قاتارلىق بىر نەچچە كىشىلەرنى ئەنگلىيە پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى 1938-يىلى ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇلاردىن ئابلاجان بىر نەچچە يىل ئۆتـ

كەلـدە «مەن ئەزەلدىن جۇڭگو پۇقراسى ئىدىم، مەن ئالـ
دانىدىم، مەن چەت ئەلگە پۇقرا بولمايمەن» دەپ خو-
تەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز پۇقرالىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى-
نىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كىشىلەر ئىكەنلىكىنىڭ
بەلگىسى قىلىپ، تاشقى كىيىمىنىڭ سول بىلىكىگە ئەنگلى-
يىنىڭ دۆلەت بەلگىسىنى تاقىۋالاتتى ھەمدە ئۆز ھويلى-
سىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى-
نى چىقىرىپ قوياتتى. بۇنداق ئەنگلىيە بەلگىسىنى
تاقىغان ئادەملەر قەيەرگە بارسا ۋە قانداق جىنايەت
ئۆتكۈزسە، ھېچقانداق دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمايتتى. ھەتتا
جۇڭگو پۇقرالىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ۋە ياكى
قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مەزكۇر ئەنگلىيە باي-
رىقى ئېسىلغان قورۇغا كىرىۋالسا، ئۇنى مەيلى ھۆكۈمەت
خادىمى بولسۇن ياكى شەخس بولسۇن، ھېچكىم بۇ ھويلى-
دىن جىنايەتچىنى تۇتۇپ ئېلىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلال-
مايتتى.

مەسىلەن: ئۆتەڭ باغدىكى مۇزدوز ئابدۇغېنى ئاخۇن ئوغ-
لى ھۈسەيىن ئاخۇنلار مەت ئۆمەر دېگەننى ئۇرغاندىن
كېيىن، ئۇلار نوپۇزلۇق ئادەم بولغاچقا، ئابدۇغېنى ئۇ-

نىڭ قىساس تەلەپ قىلىشىدىن قورقۇپ، ئافغان مىر سايىپخانىنىڭ ئۆيىگە پانا تەلەپ قىلىپ كىرىۋېلىپ، 20 نەچچە كۈندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ، كېيىن يەنە تۇرالماي چەت ۋىلايەتلەرگە قېچىپ كەتكەن.

دېمەك، ئەنگلىيە پۇقرالىرى ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەر ئۇلارغا ئالدىنىپ، جۇڭگو پۇقرالىقىدىن ۋاز كېچىپ، ئەنگلىيە پۇقراسى بولۇشنى ئىختىيار قىلغان.

ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ خوتەندىكى زوراۋانلىقىغا 1937-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ، خوتەندە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەشكىللەنگەندىن كېيىن، تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 3

# ئەسلام قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولغان بىر قېتىملىق زور بېسىم توغرىسىدا

(شۆتاگدىكى غەۋغا)

مەمتىمىن توختى

## ئىسلام قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولغان بىر قېتىملىق زور بېسىم توغرىسىدا ئەسلىمە

جىڭشۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، 1930-يىلى باش باھار مەزگىلىدە (3-ئاينىڭ باشلىرى بولۇشى مۇمكىن) خوتەندىكى دوتەي (ۋالىي)، ئامبال (ھاكىم)لار خوتەن سېپىل ئىچىدىكى شۈتاڭدا (كۇڭزى تەلىماتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىغان كونا قائىدىدىكى خەنزۇچە مەكتەپ) بىر نەچچە يۈز دىنىي ئاخۇنۇملارنى يىغىپ، داغدۇغىلىق مەجلىس ئاچتى. مېنىڭ دادام ھەم دىنىي مەھكىمىنىڭ ئاخۇنلىرىدىن بولغاچقا، مەجلىسكە قاتنىشىش ئۈچۈن باردى. ئۇ چاغلاردا مەن ئون ياشقا كىرگەن چاغلىرىم بولۇپ، دادامغا ئەگىشىپ بىللە شۈتاڭغا باردىم ۋە بۇ مەجلىسكە باشتىن ئاخىرقا قاتناشتىم. مەن دادام بىلەن بىللە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇردۇم. مەجلىس شۈتاڭنىڭ چوڭ ھويلا مەيدانىدا ئېچىلغان بولۇپ، بۇ مەيدان ئۇزۇنچاق ئىدى. مەجلىسنى ئامبال باشقۇردى. ئامبالنىڭ قېشىدا تەرجىمانلار تۇردى. شۇ كۈندىكى تەرجىمانلار: باھاۋۇدۇن بەگ، يۈسۈپ بەگ ھاجى، موللا بەگ، ئابابەكرى بەگ قاتارلىقلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا مىكروفون بولمىغاچقا، تەرجىمانلار مەلۇم ئارىلىق قويۇپ تارقىلىپ تۇرۇپ، بىرسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرجىمە قىلغان سۆزىنى يەنە بىرسىگە يەتكۈزەتتى. يىغىن سەھنىسىگە گومىنداڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇدۇلغا سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ رەسىمىنى ئېسىپ قويغانىدى. بۇنداق رەسىم ۋە بايراق ئېسىپ يىغىن ئېچىش خوتەندە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. يىغىن چۈشتىن كېيىن باشلاندى. دەسلەپتە يىغىن كۈنتەرتىپى بويىچە ھەممە كىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئاندىن بىر قانچە خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن شۆتاڭنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىكتە شېئىر ئوقۇدى. (بۇ شېئىر گومىنداڭنىڭ دۆلەت شېئىرى ئىكەن). ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە ئادەم يالاڭباشتاق بولسۇن دەپ ئاخۇنۇملارنىڭمۇ سەللىسىنى ئالغۇزۇپ، جوزا ئۈستىگە قويدۇردى. ئاندىن ھەممە كىشى رەسىمگە باش ئېگىپ تازىم قىلسۇن دەپ ئېلان قىلدى. ئاخۇنۇملار بۇ سۆزنى دەرھال رەت قىلىپ، سەللىسىنى بېشىغا كىيىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دوتەي، ئامباللار رەسىمگە تازىم قىلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخۇنۇملارنىڭ غۇلغۇلا قىلىشى ۋە «بىز ھەرگىز بۇتقا باش ئۇرمايمىز» دەپ غەزەبلىك ۋارقىراشلىرىغا قاراپ، كەيپىياتنىڭ يامانلىشىپ، پاتىپاراق يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، مەجلىسنىڭ كېيىنكى كۈنتەرتىپىگە ئۆتتى ۋە دوتەي سۆزگە

چىقتى. ئۇ سۆزلەپ كېلىپ: «بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان،
جۈمە كۈندە شەنچى (دەم ئېلىش) قىلىپ ئادەتلەنگە-
نىمدۇق. بۇندىن كېيىن يەكشەنبە كۈنىدە شەنچى قىلىمىز،
ھەممە پۇقرالارمۇ ئوخشاشلا بۇندىن كېيىنكى دەم ئېلىشنى يەكشەن-
بىگە ئۆزگەرتىشى لازىم» دېدى. لېكىن بۇ سۆزلەر
تەرجىمانلار تەرىپىدىن مۇجمەل چۈشەندۈرۈلۈپ، «بۇندىن
كېيىن جۈمە يەكشەنبىگە ئۆزگەرتىلدى، ھەممە پۇقرالار
جۈمە نامىزىنى يەكشەنبىگە ئۆزگەرتىشى لازىم» دەپ
خاتا تەرجىمە قىلىندى. ئىسلام دىنىدا مۇتلەقاشتۇرۇلگەن
ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان جۈمە نامىزىنىڭ
يەكشەنبە كۈنىگە ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بۇ بىر
نەچچە يۈز ئاخۇنلار قاتتىق چۇقان سېلىپ، مەسجىدتىن
چىقىپ كەتمەكچى بولدى. دەرۋازا توسۇدىغان قوراللىق
چېرىكلەرمۇ كۆپچىلىكنى توسۇپ بولالماسلىقىغا كۆزى
يېتىپ، دەرھال چوڭ دەرۋازىنى تاقاپ قۇلۇپ
سېلىۋالدى. يەنە نەچچە ئونلىغان قوراللىق چېرىكلەر
ئۆگزىلەرگە چىقىپ ئەتراپنى قورشىدى. لېكىن، غەزەپلەن-
گەن ئاخۇنۇملار ئۇنداق تەھدىتلەرگە پىسەنت قىلماي،
قۇۋۇقنى چېقىپ بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. تەرجى-
مانلار ھەرقانچە ۋارقىرىشىپ نەسىھەت قىلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ
سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا

تۇرغۇن جوزا— ئورۇندۇقلار سېلىنىپ پاراكەندە بولدى.
بۇ پاتىپاراقچىلىق تەخمىنەن بىر سائەتتىن كۆپرەك دا-
ۋام قىلغاچقا، ئاخىرى ئۇلار دەرۋازىنى ئېچىۋېتىشكە مەج-
بۇر بولدى.

يۇقىرىقى ۋەقەدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن، خوتەندىكى
داڭلىق ئاخۇنۇم ۋە بايلاردىن بولۇپ 50—60 كىشى بىز-
نىڭ باغ ھويلىمىزغا يىغىلدى. (بىزنىڭ باغ ھەزرەت
سۇلتان مازارىدا بولۇپ، خوتەن بويىچە داڭلىق باغ ئىدى.
ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ باغنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ.) ئۇلار
شۇ تاپتا ئېچىلغان يىغىن ۋە يالاڭباشتاق بولۇپ رەسىم-
گە (بۇتقا) باش ئۇرۇشقا مەجبۇرلاش، جۈمەنى يەكشەن-
بىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىسلام دىنىغا زىت ئىشلار
توغرىسىدا قاتتىق غەزەپلىنىپ پىكىر قىلىشتى. ئېسىمدە
قېلىشىچە، ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەن-
دىكىچە: يېڭى جاڭجۈڭ (جىڭ شۇرېننى دېمەكچى) تەختە-
گە چىققاندىن كېيىن، بىزنىڭ دىنىمىزنى يوقىتىشنى قەست-
لەپتۇ. بۇ كاپىرلار بىزنى بۇتقا باش ئۇرۇشقا مەجبۇرلاپ،
ئۇلۇغ جۈمە نامىزىنى يەكشەنبە كۈنى ئوقۇشقا ئۆزگەر-
تىشكە بۇيرۇق قىلدى. بىز قەتئىي تۈردە ئۇلارنىڭ بۇ
خىل رەزىللىكلىرىگە قارشى تۇرۇپ، دىنىي شەرىئىتىمىزنى
جان پىدالىق بىلەن قوغدىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن

بىللە، بۇندىن كېيىن دىنىي مەھكىمىنىڭ شەرىئەت ئىشلى-
رىنى كۈچەيتىپ، ھەر بازار كۈنىدە (ئۇچاغلاردا ھەرپەي-
شەنبە، شەنبە كۈنلىرى يېڭىشەھەر، كوناشەھەردە ئايرىم-
ئايرىم بازار بولاتتى) مەھكىمە ئاخۇنلىرى، شەيخۇل
ئىسلاملارنى كۆپرەك قاتناشتۇرۇپ (ئەمەلىيەتتە 30—40
تەك شەيخۇل ئىسلام ئىككى سەپ بولۇپ ئالدىدا ماڭاتتى.)
چوڭ رەستىلەرنى ئايلىنىپ تەشۋىق قىلىپ، ئېھتىزاپقا چى-
قىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم. (ئېھتىزاپ: دىنىي شەرى-
ئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارنى چەكلەش، جىڭ، تۇ-
رۇزلارنى، ئۆلچەملەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش، يۈزى ئوچۇق،
ھايىسىز ئاياللارنى چەكلەش ۋە زەھەرلىك ئىچىملىك،
چېكىملىكلەرنى، مەسلەرنى، ئوغرى، قىمارۋازلارنى چەك-
لەشتىن ئىبارەت.) بۇ ئىشقا ھەرگىز سەل قاراشقا بول-
مايدۇ. ئىككىنچى ئىش: بۇندىن كېيىن ئاتاقلىق ئاخۇ-
نۇملاردىن 40 كىشى يىغىلىپ، ھەرچارشەنبە كۈنى مەزكۇر
باغدا قۇرئاننى، سەھىھۇل بۇخارىنى تامام قىلىپ دۇئا-
تەلەپ قىلىشنى يولغا قويۇشىمىز، دىنىي ئىسلامنىڭ تېخى-
مۇ كۈچ- قۇدرەت تېپىشىنى، يۇرتنىڭ تىنچ - ئامان بو-
لۇشى، كىشىلەرنىڭ ھايالىق، دىيانەتلىك بولۇشىنى، ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئادىل، ئىنساپلىق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلى-
شىمىز لازىم،— دېگەنلەردىن ئىبارەت. دۇئا - تەلەپ كۈ-

نىدىكى ئاش-تاماق، چىقىملارنى شەھەر، يېزىلاردىكى
چوڭ بايلار (اوپ، قاراقاشتىكى بەزى چوڭ بايلارمۇ
قاتناشقان) ئۆزلىكىدىن ئۈستىگە ئېلىپ، شۇكۈندىن باش-
لاپلا نەق پۇل، ئاشلىق، قوي، كالا قاتارلىقلارنى يار-
دەم قىلىشتى. بۇ ئىقتىسادىي ئىشلارنى تىزدىلاپ باشقۇ-
رۇشقا مۇھەممەت شېرىپ مۇپتى قاتارلىق كىشىلەر مەس-
ئۇل بولدى. زاپخوز ئوقتا سەيدى بەگ مەسئۇل بولدى.
ئاشپەزلىككە رەھىمجان تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ
باغ ھويلىدا ھەر چارشەنبە كۈنى دۇئا-تەلەپ قىلىش
باشلىنىپ كەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ دۇئا-تەلەپكە قات-
ناشقانلارنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە: مەتشېرىپ مۇپتى،
ئەمەت خاتىپ، ئىسراپىل داموللام، مەنسۇر داموللام،
مەمتىلى داموللام، سەيتىللا مەۋلەۋى، توختى ئاخۇن دامول-
لام، ئەخمەت توختى ئەلەم، مەمتىمىن مۇپتى، نىياز
قازىم (چۆيۈن)، نىياز قازىم (خارىت)، مەتسالى مۇپتى،
ھوشۇر نىياز مۇپتى، جاپپار مۇپتى، غوپۇر رەئىس، مەمەت-
ئېلى ئاخۇنۇم (گۇما)، داۋۇت داموللام، ئەلا داموللام،
سەمەندەر ھاجىم، غاپپار ھاجىم، ئەمەت ھاجىم، ئەمەر
قارىم، ئىمنايەت قارىم، مەمەتشا قارىم، نۇراخۇنۇم (مەك-
تەپخون) ئىسمايىل قارىم، نۇراخۇنۇم (ئىمام)، نىزا-
مىدىن ئاخۇنۇم، قاسىم ئاخۇنۇم، ھۈسەيىن ھاجىم، قاسىم

ئەپەندىم، ئەبەيدۇللا ئەپەندىم ۋە مېنىڭ دادام توختى مەمەت شېيىخ قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق كىشى ئىدى.

بۇ دۇئا-تەلەپ قىش - ياز توختىماي ئىككى يىل داۋام قىلدى. بەزىدە ناھىيىلەردىنمۇ بايلار ۋە ئاخۇنۇملار كېلىپ قاتناشتى.

1931- يىلى باھار مەزگىلىدە قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەزكۇر قوزغىلاڭنى قوللاش يۈزىسىدىن بىر پارچە تەبرىكنامە يېزىپ ئەۋەت-مەكچى بولدى. مەمەت شېرىپ مۇپتى بىلەن ئىسرائىل داموللام مەسئۇل بولۇپ بىر پارچە تەبرىكخەت يېزىپ چىقتى. خەت پۈتكەندىن كېيىن، ئىسرائىل داموللام كۆپچى-لىككە ئوقۇپ بەردى. ئاندىن كېيىن ھەممە كىشى قوشۇ-لىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ قول قويدى. مەھكىمە ئاخۇن-لىرى مۆھۈر باستى. خەتنىڭ مېنىڭ ئېسىمدە قالغان ئا-ساسلىق مەزمۇنى: غوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئىسلام قوزغىلىڭىنى قوللاپ قارشى ئالىمىز. خوتەنگە تېز-رەك يېتىپ كېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىپ تىلەيمىز. سىلەربىز تەرەپكە يېتىپ كەلگەندە، بىزلەرمۇ بۇ تەرەپتىن قوز-غىلىپ سىلەرگە مەدەت بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتلىرىدە بولىمىز. جانابلىرى بىلەن شەھەر تالاشمايمىز دېگەن-دىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خەتنى مەخسۇس كىشى ئارقىلىق

ئەۋەتىش كېرەكمۇ ياكى سودىگەرلەر ئارقىلىق ئەۋەتىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى غۇلاغۇلا قىلىشقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. كىم ئارقىلىق ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. دۇئا-تەلەپ يەنىلا داۋاملىشىۋەردى.

1933-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى (سەيشەنبە) قاراقاش ناھىيەسىدە مۇھەممەت ئىمىن داموللام باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى چارشەنبە كۈنى دۇئا-تەلەپكە يىغىلىدىغانلار يىغىلمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دۇئا-تەلەپ توختىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى، يەنى سەبۇتىللا مەۋلىۋى قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ كەتتى. خوتەندىكى ئاخۇنلارنىڭ دۇئا-تەلەپ پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. ئىسلام قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دۇتەيىنىڭ سۆزىنى خاتا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان باۋۇدۇن بەگ ئىسلامچىلار تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلدى.

# 4

# خوتەن شەھىرىدە قەدىمىي ساقلىنىپ كەلگەن چوڭ يادىكارلىقلار

ئابدۇقادىر مۇھەممەدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## خوتەن شەھىرىدە قەدىمىي ساقلىنىپ كەلگەن چوڭ يادىكارلىقلار

خوتەن شەھىرىدە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاتىلىپ كەلگەن يەر ناملىرى، باغلار، داڭلىق جايلار بارىبولۇپ، بۇنىڭ ئاتىلىش سەۋەبىنى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلسىمۇ، كۆپىنچە كىشىلەر بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ماتېرىيالدا بەزى داڭلىق يادىكارلىقلار، يەر ناملىرى توغرىسىدا خەلققە بىلگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

### 1- تۆت چوڭ دەرۋازا (گۇجان دەرۋازا، ھېيتكار دەرۋازا، سۇدەرۋازا، قىزىق دەرۋازا)نىڭ كېلىپ چىقىشى

1859-يىلى قاراقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەنگە بېسىپ كەلگەن ھەبىبۇللا ھاجى (ھەزرەت ھاجىم ياكى ھاجى پاششاھىم دېيىلىدۇ) خوتەن شەھىرىدىكى مانجۇلارنى يوقىتىپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرغاندىن كېيىنكى ئۈچ يېرىم يىللىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا خوتەن شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى خېلى ئۆزگەرتتى. ئايرىم ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، سېپىل (ھازىرقى سېپىل ئەمەس) مۇنارىلەر سوق-

تۈردى، كونا بۇتخانىلارنى چېقىپ ئورنىغا مەسچىت-جامە-
لەرنى (ھازىرقى جامە ئەمەس) بىنا قىلدى. شەھەر ئە-
تىگە چوڭ بىر سېپىل سوقتۇرۇپ، سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىگە
تۆت دەرۋازا بېكىتتى ۋە بۇ دەرۋازىلارغا ئىسىم قويۇپ
شەرق تەرىپىنى سۇ دەرۋازىسى، غەرب تەرىپىنى قىزىلدىق دەر-
ۋازىسى، شىمال تەرىپىنى ھېيتكار دەرۋازىسى، جەنۇب تە-
رىپىنى گۈجان دەرۋازىسى دەپ ئاتىدى.

گۈجان دەرۋازىسىدا «قەلەندەرخانا» دەيدىغان بىر
ئورۇن قۇرۇپ، شەھەردىكى پۈتۈن ئاجىز-ئورۇق، تۇل خو-
تۇن، يېتىم-يېسىرلەرنى يىغىپ ئۆشرە-زاكات بىلەن باقتى.
بۇ «قەلەندەرخانا» دېگەن نام ھازىرمۇ مەۋجۇت. سېپىل
ۋە دەرۋازىلار گەرچە ئاللىقاچان يىقىلىپ يوقالغان بولسىمۇ، بۇ
تۆت دەرۋازىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.
شۇنداقلا كونا شەھەرنىڭ چوڭراق رەستىلىرى شۇ نام بى-
لەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1865-يىلى ياقۇپ بەدۆلەت خوتەنگە بېسىپ كېلىپ
ھەزرەت ھاجىم ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، خوتەن
شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتتى. بولۇپ-
مۇ ئۇنىڭ خوتەنگە قويغان ۋالىيسى نىياز ھېكىم بەگ
خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم قىلىش ئارقىلىق خوتەن شە-
ھەر ئەتراپىدىكى مازار ۋە جامەلەرنى قايتا بىنا قىل-

دۆردى، ئۇلارنىڭ مەشھۇرراقلىرى:

1. **ئالتۇن مازار**: بۇ مازار قەدىمكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار دەۋرىدە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ قەبرىزارلىقى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 12 پادىشاھ، 21 شاھزادە، يەتتە نە-پەر پادىشاھ ئاياللىرى-خانىش- ئاغىچىلارنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئىسھاق ۋەلى-يۇللانىڭ تۇغقانلىرىدىن خوجاكالان دېگەن كىشىنىڭ بۇ ما-زاردا تۇرغانلىقى ئىسپاتلانغان.

قەدىمدىن تارتىپ بىرەر چوڭ كىشى تۇرغان جاينى «ئالتۇنلۇق قۇم» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بولغاچقا، بۇ مازار «ئالتۇن مازار» دەپ ئاتالغان.

2. **خوجاكالان مازار**: بۇ مازاردا خوجا پادىشاھ، خوجا ئىسھاق ۋە ئەھلى تەرىقەتلەردىن مەۋلانە شەمسى-دىن غوجامنىڭ خەلىپىسى شادى غوجام ۋە خوجا كالان-لارنىڭ قەبرىسى بار ئىدى.

خوجا كالان دېگەن كىشىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا مۇن-داق ئىككى خىل پىكىر بار: ① بەزىلەر خوجا كالان دې-گەن كىشى ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى دەيدۇ. ② يەنە بە-زىلەر، خوجا كالان ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ نەۋرىسى دەي-دۇ. لېكىن بىزگە ئېنىق بولغىنى شۇكى، ئاپپاق خوجا بىلەن ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار.

خوجا كالان دېگەن بۇ كىشى خوتەنگە مىلادى 1400-يىلى كەلگەن.

3. ھەزرەت سۇلتان مازار: بۇ مازار كوناشەھەر رەھپىت-كارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، سۇلتانىم دېگەن كىشى نەمەنگەندىن 944-مىلادىيىدە خوتەنگە كېلىپ بۇ مازارنى بىنا قىلغان. بۇلار ئەسلى يەتتە كىشى (يەتتە ئاتا) بولۇپ بىرلىكتە كەلگەن. بۇلار: ① سۇلتان ئەبۇسەئىد قوچقار ئاتا، ② ئىچكىن ئاتا، ③ مۇقىم ئاتا، ④ ناسىر ئاتا، ⑤ چوغلۇق ئاتا، ⑥ ھېلىم ئاتا، ⑦ قارا ساقال ئاتا. بۇلار تەرىقەت تارقاتقۇچىلار بولۇپ، ئالتە ئاتا خوتەن شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاشقان. ھېلىم ئاتا لوپ تەۋەلىكىگە ئورۇنلاشقان. بۇ مازارنىڭ تەزكىرىسىنى ئەخمەتتوختى ئەلەم ئېلىۋېلىپ يوقىتىۋەتكەنلىكتىن، ھازىر ئۇ تەزكىرە يوق. سۇلتان مازارنىڭ شەيخلىرىنىڭ ۋارىسلىرىدىن مەمتىمىن توختى بولغاچقا، مۇشۇ كىشىنىڭ بايانلىرىدىن پايدىلاندىم. بۇ مازارغا نىياز ھېكىم بەگ 1863-يىللىرى قايتا ئىشلىگەن بولۇپ، 1000مو ئەتراپىدا ۋەخپە قىلىنغان. بۇ ۋەخپە يەرلەر لوپ، خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىدە ئىدى.

4. ئەسكەر مازار: 1863-يىلى ياقۇپ بەدۆلەت خوتەنگە كېلىپ ھەزرەت ھاجىمنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 40 نەپەر كىشىنى قۇدۇققا تاشلاپ كۆمگەن. شۇڭا بۇ جاي ئەسكەر مازار دەپ ئاتالغان.

## خوتەن شەھىرىدىكى چوڭ جامە توغرىسىدا

خوتەن شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئۇ جامەنىڭ داڭقى شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەملىكەتلەردىمۇ بار. بۇ جامە ياسىلىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، كۆركەملىكى، چوڭلۇقى بىلەن مەشھۇر.

بۇ جامەنى 1863-يىلى نىياز ھېكىم بەگ سالدۇرغان بولۇپ، جامەنىڭ ياغاچلىرى خوتەن شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جاڭگالدىن كەلتۈرۈلگەن. ياغاچلارنىڭ رەندىلەپ ياسىلىشى ئالاھىدە ۋە ئىنتايىن يوغان، بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرىكى دەۋردە قاتناش جەھەتتىكى قولايسىز ئەھۋال خەلقنى تېخىمۇ قاقشاتقان. نىياز ھېكىم بەگ خەلققە ياغاچنى كېسىپ، شۇ جايدا رەندىلەپ تەييارلاپ، ئاندىن شەھەرگە ئېلىپ كېلىشكە ھاشار تويغان. ياغاچلار ئىنتايىن چوڭ توغراق ياغاچلىرى بولغانلىقتىن، بىر دانە ياغاچنى 30 ئادەم كۆتۈرۈپ تۆت كۈندە خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن. ھاشارغا مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلار ۋە دوغىلار يول ئازابىدىن قورقۇپ ياغاچ تۆپىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ، ياغاچ كۆتەرگەن خەلقنى ئۇرۇپ تېز مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان.

بۇ ياغاچلارنى يونۇپ، رەندىلىگەن يەردە ھەددى- ھې- سابسىز تارشىلار قالاتتى، ئۇيەرنى «تارشىلىق لەڭگەر» دەپ ئاتىغان. بۇ جاي ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللارغىچىلا بۇ يەرلەرنى ئازراق كولىسىلا تارشىلار چىقىپ تۇرغان. تارشىلىق لەڭگەر ۋە جامەگە 126 يىل بولدى. بۇ جامە خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جاي- لاشقان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ، چوڭ ئاسارە- ئەتى- قىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

## شەھەر ئىچىدىكى تۆت چوڭ كۆل

1. ئالتۇندىكى چوڭ كۆل. نىيازھېكىم بەگ ئالتۇن مازارلىقىنى قايتا ئىشلىگەن چاغدا، بىر كۆل كولاش ئىن- تايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇ كۆلنى كولىغان. ھازىر تىندۇرۇ- لۇپ كەتتى.

2. گۇجان دەرۋازىسىدىكى چوڭ كۆل. بۇ كۆلنىڭ ئەسلى ئورنى تۆتەۋ ئەترابىدا بولۇپ، مەھبۇسلار كولى- غان. ليۇجىنتاڭنىڭ ئەمەلدارى دۇڭدارىن خوتەنگە كەل- گەندە، ياقۇپ بەدۆلەت ۋە ھەزرەت ھاجىغا خىزمەت قىلغانلارنى تۇتۇپ سولىغان. بۇ كۆلنى ئەنە شۇلارغا كولاتقان. بۇ كۆلنىڭ ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك پارتكوم ئورنىدا. 1970- يىلى تىندۇرۇۋەتتى.

3. قىزىق دەرۋازىدىكى چوڭ كۆل. بۇ كۆلنىڭ ئو-

ئومۇمىي چوڭلۇقى 800 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ كۆلنى تۇرسۇن قېيزى بەگ دېگەن كىشى 1800-يىلى قازدۇرغان. بۇ كۆل ھازىرمۇ مەۋجۇت.

4. كونا ياغمۇل (ھازىرقى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ) يان تەرىپىدىكى چوڭ كۆل. بۇ كۆلنىڭ چوڭلۇقىمۇ 800 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھەزرەت ماجىم خوتەندە ھۆكۈم سۈرگەن دەۋىردە مۇشۇ كۆلنى كولايدىغان جاينىڭ ئالدى ئەسكەرخانا، يان تەرىپى مەدرىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۆلنى كولاشنى زۆرۈر دەپ بىلىپ كولىغان. بۇ كۆل 1859-يىلدىن كېيىن قېزىلغان. ھازىر تىندۇرۇلۇپ يوقاپ كەتتى.

## ئەسكەرخانا

ئەسكەرخانىنىڭ ئورنى — ھازىرقى سۇ ئىدارىسى ۋە كونا تۈمەن كۆۋرۈكى قىلىنغان جاي، يەنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۆلگەنلەر ئۈچۈن مۇنار ياسالغان جاي بولۇپ، 1940-يىلغىچە كونا ياغمۇل دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1940-يىلدىن كېيىن تۈمەن كۆۋرۈكى قىلىندى. 1950-يىلى «خەيرچىگبېۋ» دەپ ئاتالغان. بۇ يەر يەنە «ئەسكەر مازار»مۇ دېيىلىدۇ. ئەسكەر مازار دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەسلى بۇ ئەسكەرخانىدا چوڭقۇر بىر قۇدۇق بولۇپ، ھەزرەت ماجىم دەۋرىدە خوتەندە تۇ-

رۇشانۇق ئاراقاشاق تارىخان غوجا دېگەن كىشى باشچىلىقىدا بىر قانچە غوجىلار ئادەم توپلاپ ھەزرەت ھاجىغا قارشى قوزغالماقچى بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىكەت پاش بولۇپ قېلىپ، ھەزرەت ھاجى بىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرەت ھاجى بۇ غوجىلاردىن 48 نەپىرىنى مۇشۇ قۇدۇققا تاشلايدۇ. خوتەنگە ياقۇپ بەدۆلەت كېلىپ ھەزرەتھاجى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، ھەزرەتھاجى ئەۋلادىدىن ۋە ئەمەلدارلىرىدىن 80 دىن ئارتۇق كىشىنى يەنە شۇ قۇدۇققا تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ جاي ئەسكەر مازار دەپ ئاتالغان.

## شەھەر ئەتراپىدىكى چوڭ باغلار

خوتەن شەھىرىدە بىر نەچچە داڭلىق باغلار بولۇپ، بۇ باغلارنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ داڭلىق باغلار: گۈلباغ، ناۋاغ، شورباغ، تامباغ، شامالباغدىن ئىبارەت. بۇ باغلارنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى مىرزا ئابابەكرى دېگەن كىشى 16-ئەسىردە بىنا قىلدۇرغان. مىرزا ئابابەكرى زالىملىقتا ئۆچىغا چىققان ئادەم بولغانلىقتىن، دەرياغا سۇ كۆپ كەلگەندە سۇ تاماشاسى قىلىش ئۈچۈن ياسىغان. ناۋاغ داڭلىق قىزىل گۈللۈك باغ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىر نەچچە خوتۇنلىرى بار بولۇپ، ھەر بىر باغ بىر

ئايالى ئۇچۇن سېلىنغان دېگەن گەپلەرمۇ بار.

## خوتەندە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر توغرىسىدا

1. مىلادى 1908-يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تارقالغان ئاغرىق- سىلاق سەككىز يىل داۋام قىلغان چوڭ ھادىسە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلانغان. بۇ كېسەل دەسلەپ كېرىيەدىن باشلانغان بولۇپ، بوغازلەڭگەردىن بىر تاغلىق ئادەمنىڭ كېسەل بولغان بىر داۋدىقانىنى ئەكىلىپ سېتىشى بىلەن باشلانغان. ئاۋۋال بوغازلەڭگەردىن باشلىنىپ، كېيىن كېرىيەگە تارالغان. شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قارىغاندا، كېرىيە ناھىيىسىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، چىرىيە، لوپ ۋە خوتەنگىچە كېڭىيىپ يېتىپ كەلگەن. خوتەن ناھىيىسىدىمۇ 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا شۇ چاغلاردا زىكىر قىلىنغان. نۇرغۇن ئۆيلەر مال- دۇنيالىرى بىلەن ئىگىسىز قالغان، نۇرغۇن ئادەملەر قېچىپ باشقا يۇرتلارغا كەتكەن. بۇ كېسەل بىر ئائىلىدە بىر ئادەمگە يۇقسا، 24 سائەت ئىچىدە بىر ئائىلىلىك ئادەمنىڭ ھەممىسىگە يۇققان. بۇ كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى ئاساسەن كېسەل يۇققان ئادەم دەسلەپ قىزىپ، پۈتۈن بەدەن جۇغۇلدايدىكەن. ئۆپكىدىن قارامتۇل قان كېلىدىكەن ۋە شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. يەنە

بەزىلەرنىڭ قولتۇقىغا، بويىنغا «تاۋۇن» ئىسسىقلىق چوڭ-
لۇقى ئالمىدەك كېلىدىغان بىر قىزىل ئۆسمە پەيدا بولى-
دىكەن. بۇ كېسەلنى ئادەتتە «ۋابا»، «چىۋىما» دەپ ئا-
تايدۇ. «تاۋۇن» دېگەن كېسەلگە گىرىپتار بولغانلاردۇ نا-
هايىتى تېزلا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ ۋەقە شۇ زامانلاردا
ياۋروپاغا ئاڭلانغاندا، ياۋروپادىن ئەنگلىيە، فرانسىيە،
گېرمانىيە، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن بىر پىروپىلاك-
تىكا ئەترىتى (ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى) كېلىپ، قەش-
قەرگىچە كەلگەن بولسىمۇ، خوتەنگە كېلىشتىن قورقۇپ قايى-
تىپ كەتكەن. بۇ ئاغرىق- سىلاق ۋەقەسى خوتەندىكى كەڭ
ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تارىخ بەلگىسى بولۇپ كۆرسىتىلى-
دۇ. مەسىلەن: ئاغرىق- سىلاقتا تۇغۇلغان، ئاغرىق- سى-
لاقتا پالانى ياشتا ئىدى دېيىشىدۇ، بۇ ۋەقەگە بۇ يىل
77 يىل بولدى.

2. 1920. يىللىرى ئەتراپىدا خوتەن كونا شەھەر چا-
سۇدىكى ئەنجان سارىيىغا ئوت تۇتىشىپ كېتىپ، ئۆچۈرەل-
مەي ئون كۈن كۆيگەن. خوتەن كونا شەھەر شۇ قېتىملىق
ئوت ئاپىتىدە پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىگەن. قېرى- چۈرى،
كىچىك باللار بولۇپ 60 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن.
نەچچە يۈزلىگەن ئائىلە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

3. 1929- يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسى تېشىپ كېتىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىلچى دەرياسىغا سۇ ھەددىدىن ئارتۇق كېلىپ، ئارال، شاھ-
مالباغ، ئاراكەنتە، ئىگەرچى قاتارلىق جايلارنى پۈتۈنلەي
سۇ بېسىپ زور ۋەيرانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. زىرا-
ئەتلەر پۈتۈنلەي ئېقىپ كەتكەن.

5

# خوتەن ئىسلام قوزغىلىڭى توغرىسىدا

هاجى ئابدۇلئەھەت يۈسۈپ

ئابدۇرىشىت هاجى

ئابدۇقادىر مۇھەممەدى

# 1933-يىلى خوتەندە يۈز بەرگەن ئىسلام قوزغىلىڭى ھەققىدە ئەسلىمە

1933-يىلى خوتەندە يۈز بەرگەن ئىسلام قوزغىلىڭى قىسقىغىنە بىر يېرىم يىل (1933-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 1934-يىلى 6-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە) داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىشقا ئالىمىتى پۈتۈن ۋىلايەتكە ئومۇملىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەركەن، يېڭىسار ۋە قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان. بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈش جەريانى ۋە سىياسىي مەنزىرىسى ھازىر خوتەن شەھىرىدە ھايات ياشاۋاتقان 60 ياشتىن يۇقىرى مەرىپەتپەرۋەر پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېسىدە (خاتىرىسىدە) ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئىسلام قوزغىلىڭى پارتلاپلا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭىيىپ كېتىشى ھەمدە ئۇنىڭغا دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىپ، تېزلا ۋاقىت ئىچىدە ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن قارىغاندا، بۇ ۋەقە ھەرگىزمۇ تاسادىپىي، ئىستىخىيىلىك ھالدا ياكى بىر قانچە كىشىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ۋە ياكى نۇقۇل دىنىي تەسىردىن كېلىپ چىققان قوزغىلاڭ بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى يەنىلا شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ،

تۇرغان ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مىللىي زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىقىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىگە يېتىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت.

## 1. ئىسلام قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

خوتەن رايونىدا يۈز بەرگەن ئىسلام قوزغىلىڭى يەككە-يېگانە ئەھۋال بولماستىن، پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنى پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەزگىللەردە تەۋرەپ قالغان چىرىك مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى قالدۇق ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان يۈەن داخۇا، ياڭ زېڭشىنىڭ، جىن شۇرېن دېگەنلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مىللىي زۇلۇمنى كۈچەيتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن زورلۇق-زومبۇلۇق يۈرگۈزۈپ، مىللىي كەمسىتىشنى يولغا قويدى. ئۇيغۇرلارنى «چەنتۇ»، «سەنگگۇ»،

«شۇگنۇ»، قىرغىز، قازاق قاتارلىق قېرىنداشلارنى «تۇپى-
دەپ ھاقارەتلىدى. ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى مەنچىڭ
ئەمەلدارلىرىنىڭ دۇنيا، بايلىق پەرەستلىك نەپسى بارغان-
سېرى يوغىناپ، پۈتۈن خىيالى ئالتۇن، كۈمۈش توپلاش،
كۈندىلىك تۇرمۇشى ئەپيۇن چېكىش، ئەيشى-ئىشرەت، كەيپ-
ساپا بىلەن بولۇپ كېتىپ، يۇرت ئىشلىرىنى ۋاڭ، گوڭ،
بەگ، دوغىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارغا ھېچقانداق چەك
قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى كۈندىن-
كۈنگە چىرىكلىشىپ، ھەربىي ۋە مالىيە كۈچى كۆپ ئاجىزلاپ
كەتتى.

سىياسىي جەھەتتە مىللىي زۇلۇم، مالىي كەمسىتىش
كۈچەيدى، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ- سېلىق، باج، ھاشار،
ئەسكەر ئېلىش كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىپ، خەلقنىڭ ئىن-
سانىي ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان، خەلق
ئۈستىدىكى زۇلۇم تاقەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىگە
يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتتە جازانىخورلۇق، گۆرە-
كەشلىك، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ئەۋج ئېلىپ
كەتتى. ناھەقچىلىققا ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرغانلارنى ۋەھ-
شىلەرچە باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىچىدە زۇلۇمغا
قارشى ئىستىخىيىلىك ھالدا جېدەل- ماجىرا چىقىرىش، ھۆ-
كۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ- نەپرەت

بىلدۈرۈش، ئوت قويۇش ھادىسىلىرى كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئىچىدە «بېيجىڭدىكى خان ئاغدۇرۇلۇپتۇ»، «قومۇل بۇزۇلۇپتۇ»، «ئىلىدا سوقۇش بارمىش» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل مىش - مىش گەپلەر كۆپىيىپ كەتتى. ھۆكۈمەتمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئەسكەر تۇتۇش ئارقىلىق ھەربىي - ساقچىلارنى كۆپەيتىش، ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىش ئارقىلىق خەلقنى كونترول قىلىش ۋە بېسىقتۇرۇشنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت دىنىي ساھەدىكى موللا، ئاخۇنلاردىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق ۋاستىلارنى قوللىنىپ، بېسىمنى كۈچەيتتى. دىنىي ساھە ئىچىدىكى موللا-ئۆلىمالار ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا مەركىزىي ھۆكۈمەت جۇڭگو-ياپون سوقۇشى ۋە ئىچكى ئۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، شىنجاڭ ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرالمايدىغان، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى قومۇل سوقۇشى بىلەن بەنت بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىشىپ بولالمايدىغان، خوتەن يەرلىك ھۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە چىرىكلىشىپ لەڭگىشىپ قالغان، قوراللىق كۈچى بىرنەچچە يۈزدىن ئاشمايدىغان ئاجىز ھەم ئىقتىدارسىز ئەھۋالدا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى

جەمئىيەت ئەھۋالىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشىنەدىغا
دىنىي ساھەدىكى زىيالىيلاردىن قاراقاش ناھىيىسىدە تۇرۇ
لۇق مەھەممەتئىمىن داموللا ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىلى
رىدىن ئابدۇللا مەخسۇم، نۇر مۇھەممەت مەخسۇم ۋە سۇبۇ
تۇللا مەخسۇم، ئامال داموللا قاتارلىق كىشىلەر مەملىكەتى
مىزنىڭ شۇۋاقىتتىكى ئىچكى، تاشقى ۋەزىيىتىنى ۋە خەلق
نىڭ ھېسسىياتىنى بىر قەدەر چۈشەنگەن بولۇپ، بۇلا
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى باي
قايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە باشچىلىق قىلىپ،
خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان قارشىلىقىدىن پايدىلىنىپ
ياخشى شارائىتنى غەنىمەت بىلىپ، خەلقنىڭ تارقاق،
ئىختىيارسىز قارشىلىقىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ،
ئىسلام بايرىقى ئاستىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس
قىلىدۇ. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق يەنى دېھقانلار بىلەن
شەھەر خەلقى بىرلىشىپ كالتەك، ئارا، گۈرجەكلىرىنى كۆ-
تۈرۈپ چىقىپ، قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. نەتىجىدە قوزغىلاڭ
ئاسانلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. چىرىكلەشكەن خوتەن ھاكىمىيە-
تى بىر ئىتتىرىش بىلەنلا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدۇ.

## 2-ئىسلام قوزغىلىڭىنىڭ قىسقىچە جەريانى

### 2. ئىسلام قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى

مەھەممەتئىمىن داموللا قاتارلىقلار ئىسلام قوزغىلىڭى

ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ، قەشقەردە ئوقۇۋاتقان ئىنىسى نۇرمەھەممەت مەخسۇمنى قايتۇرۇپ كېلىپ، قوزغىلاڭنىڭ قولالغۇچىلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى 50 كىشى يىغىلىپ، قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپا ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش بىلەن بىرگە ئىش تەقسىم قىلىشىپ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ.

قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپا ئەزالىرى تۆۋەندىكى 11 كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

1- مەھەممەتئىمىن داموللا (ئانىسى خوتەندىن، ئاتىسى لوپ ناھىيىسىدىن).

2- ئابدۇللا مەخسۇم (مەھەممەتئىمىن داموللىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى).

3- نۇرمەھەممەت مەخسۇم (مەھەممەتئىمىن داموللىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى).

4- مەھەممەتنىياز ئەلەم (قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بىرىنچى ئەلەمى).

5- سابىت داموللا (قەشقەر ئاتۇشلۇق).

6- قۇربانىللا داموللا (قاراقاشلىق).

7- ئىسمايىل داموللا (قاراقاشلىق).

8- روزى مەھەممەت داموللا (قاراقاشنىڭ مۇپتىسى).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

9- تۇرسۇن مەھەممەت ئاخۇن (قاراقاشلىق).

10- بارات داموللا (" ").

11- غاپپار ھاجى (" ").

قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەشكىللەنگەندى
كېيىن ھەربىي، مەمۇرىي، مالىيە، قوراللىق قىسىم تە
كىللەش، قورال-ياراق تەييارلاش، دۈشمەن ئەھۋالى
رازۋېتكا قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەقسىم قىلىنغاندى
كېيىن، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بىلەن يىغىننى ئاخىرلا
تۇردى.

يىغىنغا يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان كىشىلەردىن باش
قا يەنە ھېبىت ئاخۇن خەلپەت، ھاپىز ئاخۇن خەلپەت
مەھەممەت قاسىم ئاخۇن خەلپەت، سابىر ئاخۇن خەلپەت
سابىر ھاجى، ھوشۇر ئىمام، تۇرسۇننىياز ئاخۇن خەلپەت
قاتارلىقلار قاتناشقان. بۇلاردىن ھازىر تۆت كىشى ھايات بار.

يۇقىرىقى يىغىندىن كېيىن تەشكىلات ئەزالىرى ئىش
تەقسىماتى بويىچە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە
قانات يايدۇردى.

مەھەممەت ئىمىن داموللا ياۋا، قاراسايلىق تالىپلارنى
چاقىرتىپ كېلىپ، خەلق ئىچىدىكى ئوۋچى، پالۋانلارنى
سۈرۈشتە قىلدى. بۇلار ئارقىلىق قاراسايلىق ئوستا مەر-
گەن. ئاق تۇرسۇن بىلەن تونۇشتى. ئاق تۇرسۇن قارا-

قاش ئامبىلى يەن دارىندىن نارازى بولۇپ يۈرگەنلەر-
نىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا بۇ كىشى قوزغىلاڭ تەشكىلاتىغا
قوبۇل قىلىندى. مەھەممەت ئىمىن داموللام ئاق تۇرسۇن
ئارقىلىق بىر قىسىم ئوۋچى پالۋانلار بىلەن تونۇشۇپ،
ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى ھەم ئاقسارايدى-
كى تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ 30 دانە ئوۋ مىلتىقى سوقۇپ
بېرىشىنى بۇيرىدى. دەل شۇ پەيتتە، ئامبال يەن دارىن
ئەسكەر كۆپەيتىشكە كىرىشىپ پالۋان ئىزدەپ يۈرەتتى.
باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يەن دارىن ئاق تۇر-
سۇننى چاقىرتىپ كېلىپ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدۇ. ئاق
تۇرسۇننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 12 كىشىنى «پالۋان»
دەپ قوبۇل قىلىپ، ئاق تۇرسۇننى مەسئۇل قىلدۇ. ھەر
بىر كىشىگە 10 سەردىن كۈمۈش ۋە قورال تارقىتىپ بېرىپ،
ياموۇلنى قوغداشنى تاپشۇردۇ. (ئاق تۇرسۇن كېيىنكى
ئىسلام قوزغىلىڭىدا ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىدۇ.
مەھەممەت ئىمىن داموللىنىڭ 1945-يىلى چۆگچەگدە نە-
شىر قىلىنغان «ئالتاي» ناملىق ئايلىق ژۇرنالىنىڭ 12-
سانىدىكى «مىللىي ئىنقىلاپ ۋە ئاق تۇرسۇن» دېگەن ما-
قالىسىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان).

مەھەممەت ئىمىن داموللا 1931-يىلى 8-ئايدا لوپ
ناھىيىسىنىڭ قىرقۇ كەنتىگە بېرىپ (قىرقۇ كەنتىسى

بولسا، مەھەممەتئىمىن داموللىنىڭ ئاتىسى پىراۋۇدۇن ھاجى ئۆزۈن مەزگىل مۇدەررىس بولۇپ تۇرغان جاي. مەھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلغان). تونۇش بايلاردىن ئەيسا ھاجى، سىدىق ھاجى، تاشتۆمۈر ھاجى، ئەخمەت تىتوختى ھاجىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردۇ. بۇ بايلار سامايۈلنىڭ ئاچچىق دېگەن تاغ ئارىسىغا بىر قىسىم تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ 50 تىن ئارتۇق پاۋان مىلتىقى ۋە قىلىچ-نەيزە سوقتۇرۇپ بېردۇ. بۇ قوراللارنى ئاز-ئازدىن قاراقاشقا يۆتكەپ كېتەدۇ.

مەھەممەتنىياز ئەلەم، روزىمەھەممەت داموللىلار قاراقاشنىڭ چوگراق بايلىرىدىن ئالىم ھاجى، ئارىپ ھاجى، ئىسلامئاخۇن باي، ساقىئاخۇن باي، كامال ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مالىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەملىشىشنى ۋەدە قىلدۇردۇ.

قاراقاشتىكى مەشھۇر ئىشانلار تەيىقىمىدىن ئىشان قارى ھاجى، ئاقتام خوجىلىرى ۋە ھاجىھەزرەت ئىشان ۋە بۇلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن غۇلام قادىر ھاجى، جامالخان ھاجىلار (بۇلار ھازىرمۇ ھايات بار) قوزغىلاڭنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە يارلىق سوپىلىرى بىلەن قوزغىلاڭغا قاتنى-

شىددىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

1932-يىلى 11-ئاي رامىزان كۈنلىرىدە، سابىت ھاجى داموللا قاراقاش يېڭى مەدرىستە توپتوغرا بىر ئاي دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شەھەردىكى موللا، تالىپلار قۇرئاندىن تەپسىر قىلىپ، كۆپىنچە جاھات قىلىش ھەققىدە كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شۇ يىلى قىشتا قاراقاش ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەت ۋە دەرس قىلىش ئىشلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاج تاپىدۇ. خەلق ئىچىدە «ئىسلام بولارمىش» دېگەن گەپلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنلەردە نۇر ئەخمەت مەخسۇم، قۇربا نىللالار قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ، قەشقەردىكى مادوتەي، بۇرۇن خوتەندىن يۆتكىلىپ بارغان خەندوتەينى ئىككىلەڭزە (1000 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر) بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتىگە ياردەمگە بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كېلىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ تەشكىللىگەندىن رازۋېتكا قىلىش ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە كىرگۈزگەن ھاپىز خەلپەت ۋە سابىر خەلپەتلەر خەنزۇچە تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن، خەنزۇ مەكتەپى (شۆتاڭغا) ئوقۇشقا كەلدۇق دېگەن بانا بىلەن شۆتاڭغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇلارنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمىن بەگ، يۈسۈپ بەگلەر تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇلار سېپىل ئىچىدىكى ئەسكىرى گازارمى-

لارغا مەخپىي كىرىپ، توپىلارنىڭ پىلتە تۆشۈكىگە قۇم ۋە يىلىم تىقىپ قويىدۇ. شۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ قاراقاشقا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال قاراقاشقا كېلىپ خەۋەر قىلىدۇ. خوتەن ھۆكۈمىتى ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن، ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارىتا نارازىلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن دەرھال قارشى ھەرىكەت قىلالماي قەشقەردىن ياردەم كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

قەشقەردىن كېلىدىغان ياردەم ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خوتەننىڭ دوتىيى تەندارىدىن 1933-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئامبال ۋە لەڭزە (ھەربىي) باشلىقلىرىغا بارلىق چېرىكلەرنى باشلاپ، خوتەن شەھەر سېپىل ئىچىگە توپلىنىشنى ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ ۋە قەشقەردىكى مادوتەيگە ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇننى تېزرەك ئەۋەتىشكە ئىلتىماس قىلىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. ھەرقايسى ناھىيە، كوچا-بازارلاردا ئولتۇرۇشلۇق تىجارەتچى، گۆرەكەش خەنزۇلارمۇ قورقۇپ كېتىپ، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ئارقا-ئارقىدىن سېپىل ئىچىگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلايدۇ. شەھەر كوچىلىرىدىن خەنزۇلار ھەركۈنى مەپە، ھارۋىلار بىلەن ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

تېيەن دوتەي 1933-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى قاراقاش

ھاكىمى يەندارىنغا ئۆتكۈزۈش قىلىپ، 2-ئاينىڭ 24-كۈنى
كەچ سائەت 11دە قاراقاشلىقلارنى جازالاش، ئىسيانچىلارنى
تامامەن قولغا ئېلىش، مەدرىس، مەسچىتلەرنى كۆيدۈرۈپ،
مۇھەممەت ئىمىن دامولla باشچىلىقىدىكى چوڭ موللىلارنى تىرىك
تۇتۇپ، يەكشەنبە بازاركۈنى كالا بازىرىدا قىززىق ياققا
تىرىك تاشلاپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق، قاراقاشلىقلارغا تەھدىت
سېلىش ئۈچۈن، ئىككى لەگزە قورالىق ئەسكەر بارىدىغانلى-
قىنى، يەن ئامباننىڭ تەييارلىق قىلىپ قويۇشىنى تاپىلاپ
خەت يازىدۇ. بۇ خەۋەرنى قوزغىلاڭچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزا-
سى مۇھەممەت ئىمىن دامولىنىڭ تالىپى مۇھەممەت بەگنىڭ دا-
دىسى، يامۇلنىڭ تەرجىمانى تۇردى بەگ ئارقىلىق ئاڭلاپ،
مۇھەممەت ئىمىن دامولla دەرھال مۇھەممەت نىياز ئەلەم، سا-
بىت دامولla ھاجىلارغا خەۋەر قىلىپ، قوزغىلاڭ تەشكىلاتى ئە-
زالىرىدىن شەھەر ئىچىدە بار بولغانلىرىنى يە-
غىپ ئەھۋالنى كۆپچىلىككە ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە قوزغىلاڭنى باش-
لاش، بۈگۈندىن قالسا، ئەھۋال خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېلان
قىلدى. توپلانغان كىشىلەردىن 63 كىشىنى تاللاپ 20 نەچچە
دانە پاۋان مىلتىقى ۋە پالتا-چوماقلار بىلەن قوراللىنىپ،
ئابدۇللا ئەخسۇم ۋە نۇرئەخمەت ئەخسۇملارنىڭ باشچىلىقىدا
1933-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى قاراقاش ناھىيە كونا ئۆتەك
بازىرىدىكى كۆك پىششىق خىشتىن سېلىنغان مەدرىستىن سەپ

يولۇپ «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ چۇقان سېلىپ،
قاراقاش ئامبال يامۇلغا قاراپ يول ئالدۇ.
شۇكۈنكى ھەرىكەتكە بىۋاسىتە قاتناشقان ۋەھازىر-
غىچە ھايات قالغان تۇرسۇننىياز خەلپەتنىڭ ئەينى ۋاقىت-
تىكى رىئال ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشىچە:
— بىز، — دەيدۇ تۇرسۇننىياز خەلپەت، قاراقاشنىڭ يېڭى
شەھەر بازار ئىچى بىلەن دۆڭلۈككە يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدا، بازار
ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق داۋۇر ئىسىملىك بىر گۆرەكەش خەنزۇ
ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرىدىكەن، بىزنىڭ ئەلەم كۆتۈرۈپ
كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، يامۇل تەرەپكە قاراپ، «زىۋازى
لەيلا» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ مىلتىق
ئېلىپ چىقىپ بىزگە قارىتىپ بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى. بىز-
نىڭ ئارىمىزدىن سابىر خەلپەت، ئابدۇراخمان تۇختىلار
(بۇكىشى ھازىر ھايات بار) داۋۇرنىڭ دەرىزىسىنى سۇندۇرۇپ
ئۆيگە سەكرەپ كىردى. ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە كىشى بېسىپ
كىرىپ داۋۇرنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ، قولىدىكى مىلتىقىنى
ئالدۇق، ئۇيەردىن ئۆتۈپ يامۇلغا قاراپ ماڭدۇق. يامۇل
دەرۋازىسى ئۈستىدىن بىر نەچچە پاي ئوق چىقتى. كېيىن يا-
مۇلنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، سىماۋى چاپان، شەپكە كەي-
گەن بىر قانچە چېرىك بىزنى تېزدىن يامۇلغا كىرىشكە ئى-
شارەت قىلدى. (بۇلار قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يامۇلغا كىر-

كۆزۈلگەن ئاق تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىكەن.) بىز يامغۇر ئىچىگە يېتىپ كىردۇق. بىزگە قارشى چىققۇچىلار كۆرۈنمىدى. بىز يامغۇر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلەرىنى چېقىپ، ماتاق ئېتىپ، ئالالا-ئالالادەپ ۋارقىراپ يۈردۇق. كېيىن بەزى ئۆيلەردىن مىلتىق ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. مەن چوڭ بىر ئىشىكتىن ئۆتۈپ، بىر قوروغا كىرىپ قالدىم. قارىسام، بىر ئاق مىلەگزە تۇتۇلغان بىر ئىشىك تۇرىدىكەن. يۈگرەپ بېرىپ مىلەگزىنى ئېچىشىم بىلەنلا، بىر تاقىر باش، ئىگىز بويلۇق خەنزۇ قولىدا پارقىراپ تۇرغان قىلىچ بىلەن بېشىمغا نەشانلاپ سالدى. بېشىمنى كەينىمگە تارتىشىم بىلەن قىلىچ ئۇچ ئېگىكىمگە كېلىپ تېگىپ، مەگزىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. مەن ئارقامغا يىقىلدىم. كېيىن قارىسام، ئۆز دەخمەت مەخسۇم بېشىمدىكى سەللەمنى ئېلىپ يىرتىپ، يۈزۈمنى تېڭىپ قويۇپ بىر تەرەپتە ياتقۇزۇپ قويدى. مېنىڭ بىر كۆزۈم ئوچۇق ئىدى. قارىسام، بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىن توختىماستىن ئوق چىقىپ تۇراتتى، ھەمراھلىرىمىز ئىشىكتىن كىرەلمەي، ئارقا دېرىزىدىن سەكرەپ كىرىپ، ھېلىقى قىلىچ تۇتقان خەنزۇ (يەن دارىن ئىكەن) ۋە كاراۋاتتا يېتىپ ناگان بىلەن ئوق ئېتىۋاتقان خەنزۇ ئايال (يەن دارىننىڭ تەتىيى ئىكەن) ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇن ياشلىق بىر ئوغۇل بالا، سەككىز ياشلىق بىر قىز بالىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، بۇ بالىلار خەنزۇچە بىر نېمىلەرنى

دەپ يىغلىشاتتى. ئابدۇللا مەخسۇم يامۇلدىن تۇتۇلغان پوچتىكەش ئىمىن خوجاۋۇگىنى چاقىرتىپ، مېنىڭ ۋەھىلىقى ئىككى كىچىك بالىنى پوچتا ھارۋىسىغا سېلىپ يولغا سالدى، بىز ھارۋا بىلەن مەدرىس ئالدىغا كەلسەك، ئىمەن ھەزرىتىم، مېنىڭ ھەزرىتىم، سابىت داموللا ھاجىملار مەدرىس تاقىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىزگە قاراپ تۇرغان ئىكەن، بىزنى ئۆيگە ئەكىرىپ، ئامىنخان ھاجىم ئىككى كىچىك بالا بىلەن بىرگە تاماق بەردى. مەن چارا ھەتىم ساقايغىچە شۇ ئۆيدە ئىككى ئاي تۇرۇپ قالدىم» (تۇرسۇن نىياز خەلپەتنىڭ سۆزى تۈگىدى).

يەندارنىڭ ئوغلى يەنمىگە ئابدۇللا، قىزنىڭ ئىسمىنى زۆھرا قويدى. بۇ بالىلارنى مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، بۇ بالىنىڭ دادىسى زالىم، ئەزگۈچى بولسىمۇ، بالىدا گۇناھ يوق. بۇ نارەسىدە بالىلارنى ياخشى ئاسراپ تەربىيە قىلىشىڭىز دەپ، ساقى ئاخۇن باينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بەردى.

ئىككى سائەتكە يېقىن داۋام قىلغان سوقۇش ئارقىلىق قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، شىرتتىكى بىر قانچە ئائىلىلىك خەنزۇلار مەپە، ھارۋىلاردا ئولتۇرۇپ خوتەن تەرەپكە قېچىپ كېتى-

دۇ، ئابدۇللا مەخسۇم نۇر ئەخمەت مەخسۇملار يامۇلدا كۆرسۈن مەھەممەت داموللىنى مىلتىق، چوماق بىلەن قورال-لانغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار بىلەن قالدۇرۇپ، ئۆزلە-رى يەندارىنىڭ پوچتىسىدا ئولتۇرۇپ، مەدرىسكە قايتىپ كېلىپ، مۇھەممەتئىمىن داموللا، مەھەممەت نىياز ئەلەم، سابىت داموللا ھاجىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، قوز-غىلاڭنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىشىدۇ.

شۇ كۈنى ۋە ئەتىسى شەھەردىن ۋە يېزىدىن خەلق-لەر قۇم تۇپراقتەك شەھەرگە توپلىنىپ، ئاللا- ئاللادەپ ۋارقىراپ، مىلتىق ئېتىپ، ئوت يېقىپ كېچىچە ئۇخلىماي بايرام قىلىشتى. شەھەر ئىچىدىكى ئاشپەز، ناۋاي قاتار-لىقلار دوكانلىرىنى ئېچىپ تاماق ئېتىپ قوزغىلاڭچىلارنى كۈتۈۋېلىشتى.

شۇ كۈنكى قوزغىلاڭدا ئامبال يەندارىدىن باشلىق 33 ئادەمنىڭ جەسىتى تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يەتتە نەپەر، قالغىنى يامۇلنىڭ ئۇيغۇر چىرىكلىرى ۋە مىللىي ئەمەلدارلار بولۇپ، بۇلار قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گۈزەر كۆلى بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق تە-جارەتچى خەنزۇلاردىن تۆت كىشىنى يېزىدىن كىرگەن ۋە شەھەردىن چىققان لۈكچەك ئوغرىلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلكىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىنمۇ 20دەك

ئادەم ئۆلۈپ ۋە يارىدار بولۇپتۇ. شېھىت بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلىشقا بۇيرۇق قىلىندى.

قاراقاشتا ئىسلام قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ، 2-كۈنى، يەنى 1933-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى چارشەنبە گۇمىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى خوتەن ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قاراقاشقا قاراپ يولغا چىققانلىق توغرىسىدا خەۋەر كىلىدۇ. ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئابدۇللا مەخسۇم، ئىسمائىل داموللام، غاپپار ھاجى باشچىلىقىدا 1000دەك ئادەم يولغا چىقىدۇ. پىيالمىغا يېتىپ بارغاندا، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ بولىدۇ. گەرچە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ قورال-ياراقلىرى خىل ھەم تەربىيە كۆرگەن بولسىمۇ، ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى قاتتىق تۇرۇپ، قەيسەرلىك كۆرسىتىپ، پالتۇ، كالتەك قاتارلىقلار بىلەن ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تىرە-پىرەن قىلىۋىتىدۇ. قالدۇق ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى گۇمىغا قېچىپ كېتىدۇ. گەرچە ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىدىن 200دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. خىل قورال-ياراق غەنىمەت ئالىدۇ. غەلىبىدىن كېيىن قاراقاشنىڭ غەر-

بىي تەرەپ مۇداپىئەسىگە نۇر ئەخمەت مەخسۇمنى مەسئۇل قىلىپ، تاللانغان 300 ئاتلىق قوشۇن بىلەن قالدۇرۇپ قويۇپ، قالدىلار خوتەن شەھىرىنى ئېلىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن روزى مەھەممەت داموللىنى مىڭدىن ئارتۇق چوماقلىق قوشۇن بىلەن خوتەن شەھەر تەرەپتىن مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل قىلدۇ. شۇ ئارىلىقتا قاراقاشتىن ھاجى ھەزرەت ئىشان، غۇلام قادىر ھاجى ئىشانلار، بىر نەچچە مىڭ سوپىلارنى كالتەك بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئىسلام قوزغىلىڭىغا قاتناشتى.

خوتەن تەرەپ مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولغان روزى مەھەممەت داموللا قوزغىلاڭ تەشكىلاتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئادەملىرىنى باشلاپ خوتەن شەھىرىگە بېسىپ كىرىشكە يولغا چىقىدۇ. بۇلار «ئاللا-ئاللا» دەپ ۋارقىراپ خوتەننىڭ ئاقتاش يولىغا كەلگەندە، ھۆكۈمەتنىڭ بىر قانچە نەپەر ئاتلىق چارلىغۇچىلىرىغا ئۇچراپ قالىدۇ، ئۇلار ئوق چىقىرىپ بىر نەچچە ئادەمنى ئېتىپ تاشلىشى بىلەنلا، روزى مەھەممەت داموللا ئۆزى باش بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇلار قاراقاشقا قايتىپ كەلگەندە، مەھەممەتتىمىن داموللا غەزەپلىنىپ، بىرىنچىدىن، رۇخسەتسىز ھۇجۇم باشلىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، ئۆزى باش بولۇپ قاچقانلىقى ئۈچۈن روزى مەھەممەت داموللىنى ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ.

## خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قوزغىلاڭغا قارشى مۇداپىئەلىنىشى ۋە خەلقنى ۋەھشىلەرچە باستۇرۇشى

روزى مەھەممەت داموللا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلگەن كۈنى دوتەي تەرىپىدىن سېپىل دەرۋازىسىنى تاقاپ جىددىي مۇداپىئە كۆرۈشنى ئۇقتۇردى. ھۆكۈمەت تەرەپ بىر قىسىم ناھىيىلەردىكى قوشۇنلىرىنى ۋە سېپىل سىرتىدىكى خەنزۇلارنى سېپىل ئىچىگە توپلاش بىلەن ھەممىنى قوراللاندۇرۇپ، سېپىل ئۈستىگە توپ-زەمبىرەكلىرىنى تىكلەپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتتى ھەمدە سېپىل سىرتىدىكى خەلق ئۆيلىرىنى يىقىپ، يوشۇرۇنۇش ئورۇنلىرىنى تۈزلىۋەتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆي-ماكانسىز قالدۇردى.

ھۆكۈمەت تەرەپ جىددىيلىشىپ، ھەر قانداق ئادەم قاراقاشلىقتىن بىرنى تۇتۇپ بەرسە، 50 سەر كۈمۈش مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىكچەك پۇرسەتپەرەسلەر پۇل ئۈچۈن ئادەم بېشىنى سېتىشقا باشلىدى. مەسىلەن: روزى مىراپ ھاجى، روزى سوپى پىششىلداق، قادىر بەگ تۇرپان، مەھەممەت ئېلى چاپاق، باھاۋۇدۇن بەگ، پىراۋۇدۇن بەگلەر ئارقىسىغا بىر قىسىم ئادەملەرنى سېلىپ، قاراقاشلىق بولسۇن، بولمىسۇن، ياش، ئاۋۇتتى بار كىشىلەرنى تۇتۇپ بېرىپ، مۇكاپات ئېلىش بىلەن بىللە، 27 كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى.

كېسىلگەن باشلارنى خوتەن شەھىرىنىڭ گۈجان دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى، ھېيتكار دەرۋازىسى، قىزىق دەرۋازىسى، ئۆتەڭ ئالدى، ئەگمە ئەگۈن، شايى بازىرىدىن ئىبارەت يەتتە ئورۇنغا ئېسىپ، كۆرگەزمە قىلىپ، خەلقنى قورقۇتمىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بىرلا مىسال ئالساق:

شەھەر ئىچىدىن بۆتچى نۇر ئاخۇن كۈنبويى خام توقۇپ، كەچ بولغاندا خالى جايغا كىرىپ تەرەت قىلىپ ئولتۇرغاندا، چارلىغۇچىلار كۆرۈپ قېلىپ، بىزدىن يوشۇرۇنۇۋالدىڭ دەپ تۇتۇپ، سېپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلاپ تاشلىغان. بۇ كىشىنىڭ قېنى يېقىنغىچە سېپىلنىڭ تېمىدا بارئىدى. (يۇقىرىقى پۇرسەتپەرەست قاتىللارنى ئىسلام غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ھەممىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.)

ھۆكۈمەتنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقى، خەلقنى باستۇرۇشى كۈچەيتىشى، خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ناھىيىسىدىن سۇبۇتۇللا مەۋلىۋى، ھەر قايسى ناھىيىلەردىن ئابدۇخېبىر ھاجىم، سوپى بەگ، قۇربانىياز ھاجىم، ئابدۇ قادىر ھاجىم، مۇھەممەت سىدىق ھاجى، ئابدۇ قادىر داموللا قاتارلىقلار باش بولۇپ، ئۆز جايىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش بىلەن، ھەممە يەردە ئىسلام ھاكىمىيە-

تىنى ھىمايە قىلدى. ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى مىسلىسىز كۈچەيدى. خوتەن ھۆكۈمىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ قەشقەردىن ياردەم كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدىن باشقا ئامالى قالمىدى.

## ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ خوتەن شەھىرىگە بېسىپ كىرىشى

روزى مەھەممەت داموللا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ خوتەن شەھىرىگە كىرىپ مەغلۇپ بولغانلىق ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ قېتىم قېرى، ئاجىز، قورقۇنچاق، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەملەرنى ئارىلاشتۇرماي، زاۋا سوقۇشىنى باشتىن كۆچۈرگەن بىر قەدەر تەجرىبە ۋە تەربىيە كۆرگەن ئادەملەردىن 500 نەپەر كىشىنى تاللاپ، ئاتلىق، مىلتىق ۋە چوماق بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئابدۇللا مەخسۇمنى مەسئۇل قىلىپ، خوتەنگە يولغا سالدى. تاكتىكا جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيە كۆرگەن ۋە قوراللىرى خىل قوشۇنىغا ئاددىي مىلتىق ۋە چوماق بىلەن يىراقتىن سوقۇشۇپ تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ، بۇ قېتىم كۆپ ئادەملەرنى يوشۇرۇپ قىستىرما قىلىش، ئاز ئادەم بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنى ئالداپ مۇھاسىرە دائىرى-

سىگە كىرگۈزۈپ، گىرەلەشمە جەڭ قىلىپ، خەلق قوراللارنى
ئىشلەتمەي، كالتەك بىلەن يېڭىش ئۇسۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.
1933-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ئاخشىمى ئابدۇللا
مەخسۇم قوشۇنلىرى بىلەن خوتەننىڭ لاسكۇي يېزىسىغا
كەلگەندە، سابىت داموللا مەۋلىۋى كېلىپ كۆرۈشتى. بۇ كىشى
سوۋېت، بۇخارادا ئوقۇغان ۋاقتىدا بۇخارا ئەمىرىنىڭ قو-
شۇنلىرىغا قاتنىشىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى
بىر قانچە ۋاقىت ئۇرۇش قىلغان، سوقۇشتا تەربىيە كۆر-
گەن تەجرىبىلىك ئادەم ئىدى. بۇ كىشى ئابدۇللا مەخ-
سۇمغا قوشۇلۇپ، بىرلىكتە خوتەنگە كېلىپ، چوقۇلۇق ئاتا،
نەزەرباغ دېگەن جايلارنىڭ ئەتراپىدا ئاق چېدىر تى-
كىپ ئورۇنلاشتى. ئىككى سىپىل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت
تەرەپتىن ئەتىسى جۈمە ۋاقتىغىچە ھېچ كىم چىقمىدى.
قوزغىلاڭچىلار دەل تەرەت ئېلىپ، ئېتىزلىقلاردا سەپ بو-
لۇپ جۈمە نامىزى ئوقۇيمىز دەپ تۇرغاندا، سىپىل ئىچى-
دىن كاناي، دۇمباق چېلىنىپ، 1000 غا يېقىن ئەسكەر
بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. سەب-
غەتۇللا مەۋلىۋىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇش
توختىتىلدى، سەبغەتۇللا مەۋلىۋى 50 دەك ئادەمنى باش-
لاپ يار ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ قىستىرمىدا تۇردى. قالدى
قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن

سوقۇشنى باشلىۋەتتى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى غازى ج
جۇگېپۇنىڭ باشچىلىقىدا بىر نەچچە تېيىپونى كۆتۈرۈپ چ
قىپ، قوزغىلاڭچىلارنى توپقا تۇتتى. شۇ مەيداندىلا قوزغ
لاڭچىلاردىن 20 دەك ئادەم ئۆلدى. قالغانلىرى ئېرىق-ئورەك
لەرگە كىرىپ يېتىۋالدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قارش
تەرەپنىڭ ھەممىسى ئۆلدى دەپ گۇمان قىلىپ، ئوق ئې
تىشنى توختاتقان ھامان، قوزغىلاڭچىلار ئېتىلىپ كېلىپ،
ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى.
قىستىرمىدا تۇرغان سەبغەتۇللامەۋلىۋى ئادەملىرىنى باشلاپ
ئارقا تەرەپتىن كېلىپ چۇماقلاشقا باشلىدى. ئىككى سا-
ئەتتەك داۋاملاشقان قۇچاقلاشما جەڭ نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت
قوشۇنلىرى تىرە-پىرەن بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۆلۈپ، ئاران
20 دەك ئادىمى قېچىپ سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. غازى
جاڭجۇگېپو تىرىك قولغا چۈشتى.

دەل سوقۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدە، كېرىيەدىن خەنتوڭ-
لىنىڭ 150 دەك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، دوتەيگە
باش ئۇرۇپ، ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا بې-
رىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خوتەي ئۇنىڭغا «سىز ئۇزۇن يولدىن
كەلدىڭىز، تاماق يەپ چىقسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز» دېگەندە،
خەنتۇڭلىك ئۇنىماي قاتتىق تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرى سوقۇش-
قا قاتنىشىدۇ. بىرمۇ ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ «ئاللاھۇ

ئەكبەر، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن تىرە-پىرەن بولۇپ، قورال-ياراق ۋە ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئۆلدى. بۇنىڭ ئۆلۈكى ھازىرقى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا تۆت كۈنگىچە يېتىپ قالدى.

بۇ ھەقتە خەلقنىڭ مۇنداق بىر قوشىقى بار:

ھەر كىشىنىڭ تەلىيى يانسا .
پەيلى بولۇر شاش.
ئاختا مىلىقتىن چالما تېپىلماس.
دەريادىن تاش..

خوتەن شەھەر سېپىلىنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى
ۋە ھاكىمىيەتنىڭ قولغا كېلىشى

ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، دەرھال كۈچىنى تەشكىللەپ، شەھەر سېپىلىنى تۆت تەرەپتىن مەھكەم مۇھاسىرىگە ئالدى. سېپىلنىڭ شەرقى تەرىپىنى ئابدۇللا مەخسۇم، شىمالىي قاراقاش دەرۋازىسىنى سەيدى ئۆمەرخان بىلەن شىرئەلەخان ھاجى، غەربىي دەرۋازىنى غۇلام قادىرخان، جەنۇبىي توساللا دەرۋازىسىنى سەبغە تۇللا مەۋلىۋى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھۆكۈمەت قىسىملىرىنى قىمىرلىيالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

سېپىل مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى بىلەنلا خوتەن شەھىرى-دىن نۇرغۇن كىشىلەر قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا قاراقاشتىن غولام قادىر ھاجى ئىشان، ھاجى ھەزرەت ئىشان ئۆزىنىڭ نۇرغۇن سوپىلىرىنى باشلاپ كېلىپ سېپىلنى مۇھاسىرە قىلىشقا قاتنىشىدۇ. لوپ ناھىيە-سىدىن مەھەممەت سىدىق ھاجى ئىشان ۋە ئابدۇقادىر ھاجىلار ئادەم تەشكىللەپ، لوپ ئامبال يامۇلىغا بېسىپ كىرىپ، ھۆ-كۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ خوتەن شەھىرىگە كىرىپ سېپىلنى مۇھاسىرە قىلىشقا قاتنى-شىدۇ. مەھەممەت سىدىق ھاجى ئىشان، ئابدۇقادىر ھاجى-لارغا مەھەممەت ئىمىن داموللا تەرىپىدىن «ئەمىر» (لۈيجاڭ) ئۇنۋانى بېرىلىدۇ.

چىرىيە ناھىيىسىدىن ئابدۇقادىر داموللا، قۇربان نىياز ھاجى قاتارلىقلار، كېرىيە ناھىيىسىدىن ئابدۇقادىر ھاجى، سوپى بەگ قاتارلىقلار ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆز ناھىيىسىنىڭ ھۆكۈمىتىنى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا قوشۇن تەشكىللەپ، خو-تەن شەھىرىگە كېلىپ سېپىلنى قورشاشقا قاتنىشىدۇ. سې-پىلنى قورشاشقا قاتناشقان قوزغىلاڭچىلار 30 مىڭدىن ئاشى-دۇ. ھۆكۈمەت قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامال قىلالماي، قەش-قەردىن ياردەم كېلىشىنى كۈتۈپ مۇداپىئەدە تۇرۇشتا مەج-

يۈز بولىدۇ. بۇ جەرياندا قوزغىلاڭچىلار سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىمۇ سېپىل تېشىغا چىقالمايدۇ. مۇداپىئەلىنىش بىلەن ھۇجۇم قىلىش جېڭى 28 كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئىسلام ھەربىي قوماندانلىق تەرەپتىن ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ، كۆپلىگەن ئۇستا مەرگەن پالۋانلارنى توپلاپ، يەرلىك مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرۇپ، سېپىلنىڭ ھەر قايسى ئوقتىلىرىغا قارىمۇ-قارشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سېپىل ئۈستىدىن بىرىنىڭ بېشى كۆرۈنسە، بىرىنى ئېتىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدۇ. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە خوتەن شەھىرىگە توپلانغان قوزغىلاڭچىلار 80 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى خەلقنىڭ ئېتىقادىغا ئاساسەن، ئۆلگەنلەر «شېھىت» بولىدۇ، تىرىك قالغانلار «غازى» بولىدۇ، ئالدىدىن ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەر مەرت، قەھرىمان بولىدۇ. ئارقىدىن ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەر لەنەتكە قالىدۇ دەپ تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بېرىپ تۇرىدۇ.

سېپىلنىڭ تېمى ئېگىز، دەرۋازىلىرى مۇستەھكەم بولغانلىقتىن، سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىرىش مۇمكىن بولمىدى. قوزغىلاڭچىلار سېپىل ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن شوتا قويۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياغاچتىن يانىكا ياساپ دەرۋازىغا يېقىنلاپ بېرىپ، ئوت قويۇش، لەخمە كولاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان بولسىمۇ، ھەممىسى ئۈنۈم بەرمىدى. ئەكسىچە زىيان تارتتى.

سېپىلنى مۇھاسىرە قىلىش ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ھۆكۈمەتكە قەشقەردىن كېلىدىغان ياردەمدىن ئۈمىد قالمىدى. ئۈنىڭ ئۈستىگە سېپىل ئىچىدە ھەر خىل قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇغداي، قوناقنى ياما تارتىپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. كۆل سۈيى تۈگەپ، قۇدۇق كولاپ سۇ چىقارغان بولسىمۇ، كۆپ ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئادەملىرى تويغۇدەك تاماقمۇ يېيەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

يۇقارقى ئەھۋالنى چۈشەنگەن قوزغىلاڭچىلار، مۇھاسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، بولۇپمۇ قوزغىلاڭچىلار ئۆزى ياسىغان يەرلىك توپتىن بىر قانچە پاي سېپىلغا قارىتىپ ئاتقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تېخىمۇ تەۋرىتىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدە تەسلىم بولۇش- بولماسلىق ھەققىدە غۇلغۇلا باشلاندى. دەل شۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت تەرجىمانى بولغان باھاۋۇدۇن بەگ، پىراۋۇدۇن بەگ

ئىككى بىر تۇغقان خەنزۇ ئەمەلدارلارنى قورقۇتۇپ: ئەگەر تەسلىم بولساڭلار، مۇسۇلمانلار سىلەرنى خەتنە قىلىمىزدەپ تۇرىۋالىدۇ دېگەنلىكنى ئۈچۈن، خېلى كۆپ ئەمەلدارلار تەسلىم بولۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ۋاقىتنىڭ 10 نەچچە كۈن سوزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. (كېيىن قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى تەرجىماننى شامەنسۇر چېپىپ تاشلايدۇ).

ۋاقىت ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى، سېپىل ئىچىدىكى تەسلىم بولۇش تەرەپدارلىرى كۆپەيدى. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ھەربىي باشلىقى ياڭ تۇڭلىڭ دېگەن كىشى تۇڭگان بولۇپ، بۇ ئالدى بىلەن تەسلىم بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى سېپىل ئىچىدە نەزەربەنت قىلىنغان قىرغىز جەنۋەر (ئەسلى جانىبەك بولۇپ، خوتەن خەلقى تىلىغا ئاسانلاشتۇرۇپ شۇنداق ئاتىغان) قازىنى چاقىرىپ كېلىپ (بۇ كىشى قىرغىزىستاندىن بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەندە، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قودالسىزلاندۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى قەشقەردە ئېلىپ قېلىپ، جەنۋەر قازىنى نازارەت ئاستىدا خوتەنگە ئېلىپ كېلىپ، سېپىل ئىچىدە نەزەربەنت قىلىنغان) ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ. جەنۋەر: «ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولساڭلار، تەسلىمنى قوزغىلاڭچىلار قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلمىسا، مەنمۇ سىلەر بىلەن ئۆلۈشكە رازى»دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپ تەسلىم بولۇشنى قارار قىلىپ، سېپىل ئۈستىگە ئاق بايراق قادىغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوق ئېتىشنى توختاتتى. ھۆكۈمەت تەرەپ تەسلىم بولۇش تەلىپىنى يېزىپ، سېپىل ئۈستىدىن پەسكە تاشلىدى. خەتنى مۇھەممەتئىمىن داموللا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تەسلىمنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدۇ:

1. بارلىق خەنزۇلار ئىمان ئېيتىپ تەسلىم بولۇش.

2. بارلىق قورال-ياراقلارنى تاپشۇرۇش، يوشۇرۇپ قالماسلىق.

3. ھۆكۈمەتكە تەۋە بارلىق خەزىنە بايلىقىنى تاپشۇرۇش. بۇ ئۈچ تۈرلۈك شەرتنى قوبۇل قىلسا، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، شەخسى مال-مۈلكىگە تەگمەسلىك، خوتۇن-بالىلىرىغا چېقىلماسلىق دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، خەتنى ئۇزۇن خادىغا چىگىپ سېپىل ئۈستىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە تەڭدارىن باشلىق 18 نەپەر ئەمەلدار سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ، تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

شۇندىن كېيىن قوزغىلاڭ تەشكىلاتىدىن ئابدۇللا مەخسۇم-
نى مەسئۇل قىلىپ، شىر ئەلىخان ھاجىم، مۇھەممەت تۇرسۇنخان
ھاجىم، باھاۋۇدۇن ھاجىم، ئابدۇكېرىم ھاجىم، غاپپار ھاجى،
غۇلام قادىرخان قاتارلىق كىشىلەرنى تەشكىللەپ، تەسلىمنى
قوبۇل قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە شتۇرمۇش ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە
كىرگۈزۈلىدۇ. ئابدۇللا مەخسۇم شۇ كۈنى يۇقىرىقى كىشىلەر
بىرلىكتە بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، سېپىل ئىچىدىكى
شۆتاڭغا ئورۇنلىشىپ بولۇپ، سېپىل ئۈستىگە ئاي يۇلتۇز-
لۇق بايراقنى قادايدۇ. شەھەرنى قوغداش گارنىزون قى-
سىملىرىغا غاپپار ھاجى، غۇلام قادىرخانلار مەسئۇل قىلىنىدۇ.
قالدى ۋەكىللەر پارلاق قورال- ياراق، ئالتۇن- كۈمۈش،
پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى تىزىملاپ تاپشۇرۇپ ئېلىپ
بولغاندىن كېيىن، 1933- يىلى 4- ئاينىڭ 11- كۈنى سېپىل
دەرۋازىسى رەسمىي ئېچىلىدۇ.

ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئىمان ئېيتىپ تەس-
لىم بولغانلارغا غەمخورلۇق يۈزىسىدىن ھەر بىر كىشىگە
بىردىن تون، بىردىن سەللە، ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن
قوي تەقدىم قىلىش بىلەن، چوڭ قازاندا پولو ئېتىپ
مېھمان قىلىدۇ.

سېپىل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى
تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن

مەھەممەت ئىمىن داموللا قىزىل تون كىيىپ، قىزىل سەللە ئورىتىپ،
ئىككى تەرەپتە 40 تىن 80 نەپەر يېشىل كىيىم كەيگەن
قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن
مىنگىپ سېپىل ئىچىگە كىرىپ دوتەي يامۇلىغا ئورۇنلىشىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىسلام قوزغىلىڭىنىڭ
ئومۇمىي غەلىبىسى ئورۇندىلىپ تەنتەنە قىلىنىشىدۇ. ئارقى-
دىنلا مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان پۈرسەتپەرەستلەر، يەنى
يۇقىرىدا ئىسمى كۆرسىتىلگەن كۆپلىگەن ئادەملەرنى قارا-
قاشلىق دەپ ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىپ، ھېكايات ئال-
غانلارنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. خەلقنى قىرغان،
قان قەرزگە بوغۇلغان زالىم بەگلەردىن ئەشەددىيلىرىنى
تاللاپ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرىدۇ. بەزىلىرىنى قاماققا ئا-
لىدۇ. ئىمان ئېيتىپ تەسلىم بولغان خەنزۇلاردىن بىر قىسمى-
نى ئۆلتۈرۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە كا-
پالەتلىك قىلىنىدى.

سېپىل ئىچىدىكى دوتەي يامۇلىغا «دارىل سەلتەنەت»،
ئامبال يامۇلىغا «دارىل ئەدلى»؛ ھەربىي قوماندانلىق ئور-
نىغا «دارىل ئاساكى» دەپ نام بېرىپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى
ئورگانلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر ئايدىن ئارتۇقراق
چەك ئىنە تىچىنىسىدە پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى يەنى قاغىلىق-
تىن باشلاپ چەرچەن، چاقىلىققا قەدەر ناھىيىلەر خوتەن

قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى .

## ئىسلام قوزغىلىڭىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋە يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرى

خوتەن ھۆكۈمىتىگە «ئىسلامىيە» ھۆكۈمىتى دەپ نام بېرىلدى .

1- مەھەممەت ئىمىياز ئەلەم ھۆكۈمەت باشلىقى ، باش ۋالىي بولۇپ تەيىنلىنىپ، «مىلىك ھەزرەت» دەپ نام بېرىلىپ، داردىل سەلتەنەتكە ئورۇنلاشتى .

2- مەھەممەت ئىمىن داموللا ھەزرىتى باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ ، بارلىق ھەربىي كۈچنى تەشكىللەش، قوماندورلۇق ، ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇپ، بۇنىڭغا «ھەزرەت» دەپ نام بېرىلدى .

3- ئابدۇللا مەخسۇم (مەھەممەت ئىمىن داموللىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى) مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ ، مەھەممەت ئىمىن داموللىغا ھەمكارلىشىپ ، ھەربىي قىسىمىنىڭ ئالدىنقى سەپ سوقۇش فرونتىغا مەسئۇل قىلىپ، «شامە نسۇر» دەپ نام بېرىلدى .

4- روزىمۇھەممەت داموللىنى مەھەممەت ئىمىيازئەلەمگە ياردەمچى قىلىپ ، مۇئاۋىنلىققا تەيىنلەندى .

5- سابىت داموللا ھاجى مۇشاۋىر (باش مەسلىھەت-

چى ) شەيخۇل ئىسلام ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ ، دىنىي ئىشلار ، مائارىپ ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان بولدى .

6- نۇرئەخمەت مەخسۇم ( مەھەممەتئىمىن داموللىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ) ئامانلىق ساقلاش ، رازۋېدكا قىلىش ، سىرتقى ۋىلايەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا تەيىنلىنىپ ، «ئىمىر سايىپ» دەپ نام بېرىلدى . قۇربانئەلىداموللىنى نۇرئەخمەت مەخسۇمغا ياردەمچى قىلىپ تەيىنلىدى .

7- بارات داموللىنى ھەربىي قورال - ياراقلارغا مەسئۇل قىلىپ ، ئولجا ئېلىنغان قوراللارنى تاپشۇرۇۋېلىش ، ساقلاش ، تارقىتىپ بېرىش ۋە يېڭى قورال ياساش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى .

8- روزىمەھەممەت داموللا ، ساقاخۇن باي ، خۇدابەردى ئەرمىنلەر مالىيە كىرىم - چىقىم ، ھېسابات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى .

9- مەھەممەتئىمىن مۇپتىنى ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى .

ئىسلامىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ، ھەر قايسى تارماقلارغا مەسئۇل كىشىلەرنى بېكىتىپ ، ۋەزىپە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنلا ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ

مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقلارنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىم، (بەزىدە ۋالىي دەپ ئاتىلاتتى)، ئەمىر (ھەربىي باشلىق) لىرى تۆۋەندىكىچە بەلگىلەندى:

1- قاراقاش ناھىيىسىگە تۇرسۇن مەھەممەت داموللىنى ھاكىم ۋە ئەمىر قىلىپ بەلگىلەندى.

2- خوتەن ناھىيىسىگە مەھەممەت ئىمىن مۇپتى ئاخۇنۇمنى بەلگىلەپ، «ۋالىي ھەزرەت» دەپ نام بېرىلدى.

3- كېرىيە ناھىيىسىگە ئابدۇخېۋىر ھاجى، سوپى بەگلەر تەيىنلەندى.

4- چىرىيە ناھىيىسىگە قۇربان نىياز ھاجى، ئابدۇقادىر داموللا تەيىنلەندى.

5- لوپ ناھىيىسىگە مەھەممەت سىدىق ھاجى، ئابدۇقادىر ھاجىلار بەلگىلەندى.

6- گۇما ناھىيىسىگە ئابدۇجېلىل ھاجى، سەيدى ھاجىلار بەلگىلەندى.

7- قاغىلىق ناھىيىسىگە ئىسمايىل داموللا بەلگىلەندى. (ئۇ ۋاقىتتا قاغىلىق خوتەنگە قارايتتى.)

8- چەرچەن ناھىيىسىگە مەسۇم ھاجى، ئەلى ئاخۇنلار بەلگىلەندى. (چەرچەن ئەسلىدە خوتەنگە قارايتتى.)

يۇقىرىقى بەلگىلەنگەن كىشىلەرگە شۇ ناھىيىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقى تاپشۇرۇلدى.

## ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ يولغا قويغان سىياسەتلىرى

1- ئىمان ئېيتىپ تەسلىم بولغان خەنزۇلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش. قالايمىقان ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلماسلىق.

2- ئىمان ئېيتىپ تەسلىم بولغان خەنزۇلارنىڭ خوتۇن-باللىرىغا چېقىلماسلىق، يەكلىمەسلىك، زۇلۇم سالماسلىق.

3- ئىمان ئېيتىپ تەسلىم بولغان خەنزۇلارنىڭ شەخسىي مال- مۈلكىنى قوغداش، مۇسادىرە قىلماسلىق، بۇلان- تالان قىلماسلىق.

4- قوزغىلاڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، تورال يوشۇرغان، مەخپىي ھەرىكەت قىلغان، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قەتئىي جازالاش.

5- كونا ھۆكۈمەتكە سادىق بولۇپ، قارا قاشلىق ۋە باشقا ئادەملەرنى تۇتۇپ بەرگەن، بىگۇناھ خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، قان قەرزگە بوغۇلغان ئەمەلدارلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش.

6- كونا ھۆكۈمەتكە سادىق بولغان يەرلىك ئەمەلدار، بەگ، تەرجىمانلاردىن خەلققە زۇلۇم سېلىپ، مال-مۈلكىنى ۋەيران قىلغان، جەۋر سالغان، جېنىغا زامىن بولغانلارنى قاتتىق جازالاش.

7- ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىش.

8- جەمئىيەت تىنچلانغاندىن كېيىن ئادەم ئۆلتۈرگەن، يارىدار قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى تەن جازاسى بېرىش.

9- ھۆكۈمەت ۋە قوشۇننىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە پۇقرالاردىن ئۆشرە- زاكات ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش.

## خوتەن ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يەكەنگە يۈرۈش قىلىشى

خوتەن ۋىلايىتى ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلانلا، قەشقەر تەرەپتىن ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بۇرۇنقى خوتەننىڭ دوتىيى يەن دوتەينىڭ باشچىلىقىدا، كۈچلۈك قىسىملارنىڭ خوتەنگە قاراپ يېتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. ئىسلام تەشكىلاتى تەرىپىدىن خوتەن شەھەر سېپىلىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان قوراللار بىلەن 65 كىشىلىك كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، سەبغەتوللا مەۋلىۋىنى باشلىق قىلىپ، زاۋا مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولغان نۇر ئەخمەت مەخسۇمغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. شەنبە كۈنى ئاخشىمى نۇر ئەخمەت مەخسۇمدىن «دۈشمەن ئەسكەرلىرى پىيالمىغا كەلدى. ئىمىن ھەزرىتىمنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر كەلدى. سوقۇش باشلىنىش بىلەن تەڭ ئىمىن ھەزرەت يېتىپ كېلىدۇ. بۇ بىر مەيدان دەھشەتلىك سوقۇش ئارقى-

لىمىق يەن دوتەيىنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ قاچىدۇ. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئاق لەڭگەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلىدۇ.

قۇمرابات سوقۇشىدا يېڭىلىپ قاچقان يەن دوتەيىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى قايتىپ بېرىپ گۇما ناھىيىسىدە قىر-غىنچىلىق قىلىپ، 45 تىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرانى ئۆلتۈردى. شەھەردىكى بارلىق ئۆي، ساراي، مەدرىسىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا قەشقەردىن يەن دوتەيگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىككى تۈركۈم قىرغىز ئەسكىرى ئەۋەتىدۇ. بۇلار قاغىلىققا كەلگەندە، قاغىلىقتىكى قوزغى-لاڭچىلاردىن يېڭىلىپ، بارلىق قورال-ياراقلىرى بىلەن ئەسىرگە چۈشىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يەن داردىن گۇمىدىكى قال-دۇق ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، چوڭ يولنى تاشلاپ، تاغ يولى بىلەن يەكەنگە قاچىدۇ.

يۇقارقى خەۋەرنى ئاڭلىغان خوتەن ئىسلام تەشكىلاتى نۇر ئەخمەت مەخسۇم (ئەمىر سايىپ)، شەبخەتۇللامەۋلىۋد-لەرنى 2000 ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتىدۇ.

نۇر ئەخمەت مەخسۇم بىر قىسىم قوشۇنلىرى بىلەن قاغىلىقتا قېلىپ، قالغان قوشۇنلىرىنى سەبخە تۇللامەۋ-لىۋى باشچىلىقىدا يەكەنگە ئەۋەتىدۇ. يەكەن كونا شە-ھەردە قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، سەبخەتۇللامەۋلىۋى شېھىت

بولدى. لېكىن ئەسكەرلەر تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ جان تىكىپ جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەن قوشۇنلىرى يېڭى شەھەرنىڭ سېپىل ئىچىگە چېكىنىپ بېكىنىۋالدى. نۇر ئەخمەت مەخسۇم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال قوشۇنلىرىنى باشلاپ يەكەن يېڭى شەھەر سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئىسلام تەشكىلاتى ئابدۇللا مەخسۇمنى (شاھ مەنسۇر) بىر قانچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە ياردەمگە ئەۋەتتى. يەكەن مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، خوتەن ئىسلام تەشكىلاتى خاتىرجەم بولالماي، سابىت داموللىنى يەكەنگە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتتى. خوتەن قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ھۇجۇمنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، دۈشمەنلەر ئۈمىدسىزلىنىپ، سېپىل ئۈستىدىن ئاق بايراق چىقىرىپ، تەسلىم بولىدىغانلىقىنى ۋە بارلىق قورال- ياراقلىرىنى، ئاتلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشكە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا خوتەن قىسىملىرى قوشۇلدى. لېكىن، كېيىن دۈشمەننىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ، بىر قىسىم قوراللىرىنى يوشۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇللا مەخسۇم بۇ ئەھۋالنى تۆۋەرسىجاڭدا مەلۇم قىلىپ دۈشمەنلەر شەھەر ئىچىدىن چىقىپ سايغا بارغاندا

يوقىتىش پىلانىنى مەلۇم قىلىدۇ. سېپىل ئىچىدىكى مىڭدەك ھۆكۈمەت قوشۇنى چېكىنىپ چىقىپ، ھەممىنىڭ سېپىغ يېتىپ بارغاندا، نۇر ئەخمەت مەخسۇم مىڭدەك ئەسكەرنى باشلاپ، دۈشمەن ئارقىسىدىن بېسىپ كېلىدۇ. تاغ بېشىدىن يۇسۇپخان قۇربېشى، شىمال تەرەپتىن ھاپىز تۇەنجاڭ، قىزىل تەرەپتىن بەختىيارخانلار نۇر ئەخمەت مەخسۇمغا ماسلىشىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى تامامەن دېگۈدەك قىرىپ تاشلايدۇ.

يەكەن ئۇرۇشى غەلىبىلىك تاماملانغاندىن كېيىن ئابدۇللا مەخسۇم (ئەمىرسايىپ)، ھاپىز تۇەنجاڭلار يەكەندە قالىدۇ. نۇر ئەخمەت مەخسۇم، ساۋۇتداموللىلار 2000دىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ، تۆمۈرسىجاڭ بىلەن كۆرۈشكىلى قەشقەرگە بارىدۇ. بۇلار قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭ تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئابدۇللا مەخسۇم بىلەن ساۋۇتداموللىنى قاماققا ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، بۇلان-تالان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر سىرتىغا ھەيدىۋېتىدۇ. يەكەندە تۇرۇۋاتقان ھاپىز تۇەنجاڭ يۇقارقى خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا نۇر ئەخمەت مەخسۇمنى قاماققا ئالىدۇ.

خوتەن قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرىنى قاماققا ئېلىپ، قوشۇنلار قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاپىز تۇەنجاڭ يەكەندىكى ئۆزىنىڭ قىسىملىرىدىن توختى لىيەنجاڭنى قوشۇنلىرى بىلەن گۇمىغا بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىسلام تەرەپتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن ئىسلام قوشۇنلىرى چېكىنىپ كېتىدۇ. توختى لىيەنجاڭ ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا گۇمىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ.

يۇقارقى خەۋەرنى ئىمىن ھەزرەت ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ «مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا قان تۆكۈشمەيلى، شەھەرنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىز موللىلىقنى قىلايلى» دەپ بارلىق قورال-ياراقلارنى يىغىپ، توختى لىيەنجاڭغا ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە يەكەندە نازارەتتە تۇرۇۋاتقان ئىمىرسايېتىن «توختى لىيەنجاڭنىڭ ئادەملىرى ياخشى ئادەملەر ئەمەس، ئۇلار لۈكچەك، قىمارۋاز. شەرىئەتنى بىلمەيدۇ. ھوشيار بولۇش كېرەك» دېگەن خەتنى يېتىپ كېلىدۇ. مېنىڭ ھەزرەت (مۇھەممەت نىياز ئەلەم) بۇزۇق ئادەملەر بىلەن چوقۇم ئۇرۇشماي بولمايدۇ دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئىمىن ھەزرەت قايىل بولۇپ، كۈچ تەشكىللەپ، ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ توختى لىيەنجاڭنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشقا چىقىدۇ. بۇلار زاۋا قورغانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بارغاندا، قاتتىق سوقۇش بولىدۇ. ئىمىن ھەزرەت قورغاندىكى تۈگمەننىڭ كاۋۇ بېشىغا چىقىپ توختى لىيەنجاڭنى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ تاشلايدۇ. باشلىقىدىن ئايرىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى قالايمىقانلىشىپ قاتتىق يېڭىلىپ، ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ ئاز بىر قىسىملىرى قېچىپ قۇتۇلىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن ھەزرەت داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ھاپىز تۇەنجاڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ پوسكامغىچە يېتىپ بارىدۇ. دەل شۇۋاقىتتا قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭ تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھاپىز تۇەنجاڭنىڭ يەكەندىكى قىسىملىرى ئالدى-ئارقا تەرىپتىن كەلگەن زەربىدىن ئەنسىرەپ، نۇر ئەخمەت مەخسۇمنى قاماقتىن قويۇپ بېرىدۇ.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۆمۈر سىجاڭنى ئۆلتۈرۈپ، قەشقەردە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئابدۇللا مەخسۇمنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شامەنسۇر كۆرۈنۈشتە ماقۇل بولۇپ، قورال-ياراقلارنى ماجۇڭيىڭ بېرىدىغان، ئادەمنى شامەنسۇر چىقىرىدىغان بولۇپ، شامەنسۇرنى ئادەم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خوتەنگە يولغا سالىدۇ. يېڭىسارغا بارغاندا، ئاتىنى تاشلاپ ئارقا يول بىلەن پىيادە مېڭىپ پوسكامغا بېرىپ، نۇر ئەخمەت مەخسۇم بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇلار بىرلىشىپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ. ئانچە كۈچىمەيلا يەكەنگە بېسىپ

كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1933-يىلى 6-ئاينىڭ 13-كۈنى
يەكەن 2-قېتىم خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، غوجىنىياز ھاجىنىڭ
كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ما-
مۇت سىجاڭ، ساۋۇت داموللا ۋە ئابدۇللا مەخسۇم (شامەن-
سۇر)لەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭ بولۇپ،
ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچلۈك قىسىملىرىغا تەڭ كېلەلمەي، ئاب-
دۇللا مەخسۇم 400دەك ئەسكىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ
قەھرىمانلارچە شېھىت بولىدۇ. مامۇت سىجاڭ، ساۋۇت دا-
موللىلار كۆكراۋات تەرەپكە چېكىنىپ كېتىدۇ.

يېڭىساردا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ
قورشاۋىدا قالغان نۇر ئەخمەت مەخسۇم 17كېچە قەيسەر-
لىك بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلىق بىلەن شېھىت بولى-
دۇ. جەمئىي 23كۈنلۈك جەڭدە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئۆ-
زىنىڭ ئاتاقلىق باشلىقلىرىدىن ئايرىلىپ، 4200دەك ئادى-
مى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ئىسلام قوز-
غىلىڭىنىڭ يەكەن، قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلغان قىسىم-
لىرى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ بېسىقتۇرۇشى بىلەن ئا-
خىرلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

قوزغىلاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ تەرەپلەردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. يەنى، تۆمۈر سىجاڭ، ماموت سىجاڭ، ھاپىز تۈەنجاڭ، مەھەممەت ئىمىن ھەزرەت ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل زىددىيەتلەر كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ خوجانىياز ھاجىمنىڭ مەنسەپ ئاتا قىلىش ھىلىسىگە ئالدىنىپ، قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، ھەر خىل سۇيىقەست ئىشلىتىپ، زىيان سالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭشىسەي خوجانىياز ھاجىدىن يېڭىلگەن ماجۇڭيىڭ كۈچلىرى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، قەشقەرگە مەركەزلەشكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارغا بولغان بېسىمى ئىنتايىن ئېغىرلاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قەدەر تەربىيە كۆرگەن، ئىتتىپاقلاشقان، قورال-ياراقلىرى خىل ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قارىتا، بىر قەدەر تارقاق، تەربىيە كۆرمىگەن، قورال-ياراقلىرى ناچار ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، ماخۇسەن باشچىلىقىدا 8000 كىشىلىك قوشۇننى خوتەن تەرەپكە يولغا سالىدۇ. مەھەممەت ئىمىن ھەزرەت پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، غالجىرلاشقان ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ

خوتەن خەلقىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىش ئېھتىمالىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاساسى ھەربىي باشلىق ۋە خىل قوشۇندىن ئايرىلغان ۋە ياردەمچىسىز قالغان خوتەن قىسىملىرى ئاخىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇ. خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد نىياز ئەلەم (مېلىك ھەزرەت) ئالدى بىلەن تەسلىم بولدۇ. ئاساسىي كۈچتىن ئايرىلغان مەھەممەد ئىمىن ھەزرەت ئامالسىز قېلىپ، 300دەك ئادىمىنى باشلاپ، نۇسى، پوپونا، تاغ تەرەپكە چېكىنىدۇ. تاغ يوللىرىدا ماخوسەن قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاچ چېكىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا 1934-يىلى 6-ئاينىڭ 23-كۈنى يېنىدا قالغان 20دەك ئادىمى بىلەن تىبەت ئارقىلىق كەشمىرگە بېرىپ، ئاندىن ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 6

# ماخوسەن خوتەندە

مەمتىمىن توختى
ئابدىقادىر مۇھەممەدى
دۆلەت بېگىم
ۋاڭ شىڭزى

(ئابابەكرى تۇرسۇن)

# ماخۇسەن خوتەندە

## 1- ماخۇسەننىڭ خوتەنگە كېلىشى

1934- يىلى يازدا ماخۇسەن قوشۇنلىرى، شىڭشىسەي قوشۇنلىرى ۋە غوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ماھۇت سىجاڭ قاتارلىقلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا سۈرۈلۈپ، 6- ئاينىڭ 23- كۈنى خوتەن رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ مەزگىل خوتەندە 1933- يىلى 2- ئاينىڭ 17- كۈنى (سەيشەنبە) مەمەتىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا قوزغالغان ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ تۇرغىنىغا بىر يىل بەش ئايدەك ۋاقىت بولغان چاغ بولۇپ، بۇ جەرياندا قوزغىلاڭچىلار يەكەن، قەشقەرگە قەدەر يۈرۈش قىلىپ، يەرلىك ھاكىمىيەت كۈچلىرى، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى چولاق زىنخۇي قوشۇنى ۋە غوجانىياز ھاجى، تۆمۈر سىلىڭ، ئوسمان قىرغىز، ماجۇڭيىڭ قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، بەزى مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ، خوتەنگە يىغىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىماقچى بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى.

ماخۇسەن قوشۇنلىرى 1934- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە كېلىپ، مەمەتىمىن ھەزرەتنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىر كۈن جەڭ قى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىپ، ئاخىرى پەقەت چۇماق، نەيزە، كالتەك بىلەن قو-
راللانغان مەھەممەت ھەزرەت ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ، كەچ
تەرەپتە خوتەن شەھەر ئىچىگە كىرىدۇ. مەھەممەت ھەزرەت
زاۋىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، خوتەنگە قايتىپ كېلىپ
ئۆزىنىڭ 500دەك ئەسكىرى بىلەن ھازىرقى لاگىرۇ گۈڭ-
شېسىنىڭ پوپۇنا دېگەن يېرىگە قېچىپ كېتىدۇ. (بۇ يەر
قاراقاش دەرياسىنىڭ بويى بولۇپ، ئېگىز تاغلىق ئىدى).
لېكىن، بۇ يەردە يەنىلا ماخۇسەننىڭ مەھەممەت ھەزرەتنى
قوغلاپ چىققان ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنىشىپ قالىدۇ.
مەھەممەت ھەزرەتنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن دەريا بويىدىكى
تىك چوققىدا يول تاپالماي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئاخىرى
ئەسكەرلىرى قاراقاش دەرياسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، قارشى
قىرغاققا ئۆتۈشكە بەل باغلايدۇ. مانا شۇ ھالقىلىق پەيت-
تە، يول باشلىغۇچى كېلىپ مەھەممەت ھەزرەتنى چىقىل
بىلەن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.
ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى دەرياغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن يەرلىك كالتەك-چۇماق بىلەن قوراللانغان
مەھەممەت بۇغرا ئەسكەرلىرى شۇ چاغلاردا نىسبەتەن
ئېيتقاندا، زامانىۋى بولغان مىلتىق، پىلىموتلار بىلەن قو-
راللانغان ماخۇسەن ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ-دە،
ئىسلامىيە ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ماخۇسەن ھاكىمىيىتى

تىكلىنىدۇ.

## 2- ماخوسەنىنىڭ خوتەندىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى

خوتەن رايونى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا ھىندىقۇش تاغلىرى ئارقىلىق ھىندىستان، كەشمىر بىلەن، شەرقتە شىزاڭ، چىڭخەي بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

خوتەن رايونى پۈتۈنلەي ماخوسەنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندە، خوتەن رايونى ئاللىقاچان قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرىيە، كېرىيە، نىيە، چەرچەن قاتارلىق توققۇز ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. (نىيە ئۇ چاغدا ناھىيە بولمىسىمۇ، ھازىرقى ناھىيە بويىچە ئېلىندى). ماخوسەنىنىڭ ئايالى شۇ چاغدىكى شىنجاڭدا ھۆكۈمران بولغان ماجۇڭيىڭنىڭ سىڭلىسى بولغاچقا، ماخوسەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ماخوسەن خوتەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەينى-كەينىدىن يەتتە لۈي ئەسكىرى كېلىدۇ. ئۇ خوتەندىكى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قاغىلىقتىن چەرچەنگىچە ئۆزىنىڭ ئەسكىرى قىسمىنى تۇرغۇزىدۇ. خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-سەيسىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ. شۇنداقلا خوتەن رايونىدا ھەربىي جەھەتتىن سەك-

كىمىز باشقارما قۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرىنى ئۆزىنىڭ ئە-
شەنچىلىك كىشىلىرىدىن بېكىتىدۇ. بۇ سەككىز باشقارما
تۆۋەندىكىچە:

1. ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسى.

2. ھەربىي ئەسلىھە باشقارمىسى.

3. ھەربىي قانۇن باشقارمىسى.

4. مەھرەملەر باشقارمىسى.

5. سىياسىي تەلىم-تەربىيە باشقارمىسى.

6. ھەربىي ئات-ئۇلاغ باشقارمىسى.

7. ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسى.

8. مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى.

ماخوسەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ھەربىي تۈزۈمنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ھاكىمىيەتنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكىرى قىسمى ئىچىدە پىيادە ئەسكىرى، توپچىلار قىسمى، مىلتىق قىسمى، ساقچى قىسمى، ئاتلىق قىسمى، قىلىچ-نەيزە قىسمى قاتارلىق مۇنتىزىم قىسىملىرى بار ئىدى. خوتەن شەھەر ئىچىدە بولسا، ئاساسلىق قىسمىنى تۇرغۇزغان ئىدى. قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، لوپ ھەم كېرىيەدە بىر لۈيدىن ئىككى لۈيگىچە ئەسكەر تۇرغۇزغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى بىر لۈي ئىككى تۈەن، ئىككى يىڭ،

ئالتە لىيەن ئىدى. بىر لىيەندە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بىلەن 1200دەك بولۇپ 150 ئەسكىرى بار ئىدى. بىر لۈيدە ئەسكەر بولۇپ، خوتەن رايونىدا ماخۇسەننىڭ جەمئىي 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى.

ماخۇسەننىڭ ئەسكەر تۇتۇش تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، بۇمۇ خوتەن خەلقىگە بىر بالايى-ئاپەت ئىدى. ئۇ ھەر ئۈچ ئوغلى بار ئائىلىدىن بىردىن ئوغۇلنى ئەسكەرلىككە تۇتاتتى. بەرمىگەنلەرنى ئۇرۇپ، ئېسىپ، بۇلاپ-تالاپ ئۆلتۈرەتتى. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىچە پاجىئەلىك بىر ۋەقە بولغان: قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋۇدىكى جالالىدىن غوجام دېگەن كىشىنىڭ 20 ياشلىق ئوغلى ئەبەيدۇللا غوجامنى ئەسكەرلىككە تۇتماقچى بولىدۇ. جالالىدىن غوجام ماخۇسەننىڭ ئەمەلدارىغا يالۋۇرۇپ «قانچىلىك مال - دۇنيا دېسەڭلارمۇ بەرسەم، بالامنى ئەسكەرلىككە تۇتمىساڭلار» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەمەلدار 15 چارەك ئالتۇن تەلەپ قىلىدۇ. جالالىدىن غوجام 15 چارەك ئالتۇننى تۆلەيدۇ، لېكىن بۇ، ئەمەلدار ئالتۇننى ئېلىپ بولۇپلا ئەبەيدۇللا غوجامنى نەق مەيداندا دادىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1936-يىلى يازدا ماخۇسەننىڭ ئون ئەسكىرى تاغ تەرەپكە قاچقانىدا، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ خو-

www.uyghurkitap.com

تەنىنىڭ سوچاك دېگەن يېرىدە پۈتۈن ئەسكەرلىرىنىڭ ئال-
دىدا بۇ ئون ئەسكەرنىڭ پەشانىسىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ
يۈزىگە، بۇرنىنى كېسىپ ئېڭىكىگە، قۇلىقىنى كېسىپ
يۈزىگە، ئەمچىكىنى كېسىپ قورسىقىغا ساڭگىلىتىپ قويۇپ
قىيناپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. بۇنداق پاجىئەلەرنى كۆرگەن خەلق
ماخۇسەنگە بولغان نەپرىتىنى باسالماي، زۇلۇمدىن قۇ-
تۇلۇش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم قوزغىلىپ باققان بولسى-
مۇ، لېكىن ماخۇسەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۈچ يېرىم يىل
ئىچىدە بۇ ھەرىكەتلەر مەغلۇپ بولغان.

ماخۇسەن ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ، مەمۇرىي باشقۇ-
رۇش تۈزۈمىنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. يەنى شۇ چاغ-
لاردا مىلىك ھەزرەت (مەتنىياز ئەلەم) خوتەننىڭ دوتەيى
(ۋالىيسى) ئىدى. ھەربىي ئىچىدىن چىققان چىڭ سىلىڭ
مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئىشنى شۇ
باشقۇراتتى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئامبال (ھاكىم—
شەنجاڭ) تۇرغۇزغان بولۇپ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكى-
مى ئابدۇللاجان قارى ئىدى. ھاكىمنىڭ ئاستىدا بەگ
(رايون دەرىجىلىك)، يۈز بېشى (دوغا بەگ)، ئون بېشى،
چوقا بېشى، (يۈزمۇ يەردە بىر چوقا بېشى بولاتتى)
قاتارلىقلار ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى. ماخۇسەن ھۆكۈمران-
لىقىدىكى چاغلاردا خوتەن ناھىيىسىدە توققۇز بەگلىك بولۇپ،

ئۇلارنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلارغا مەس-ئۇل بولغان بەگلىرى تۆۋەندىكىچە :

1- ئىلچى بەگلىكى (بەگچىن دەپمۇ ئاتىلاتتى). بۇيەرنىڭ بېگى ئىبراھىمجان بەگ (ئىبراھىمجان شالتاق) بىلەن بەردى بەگ ئىدى .

2- يوقارقى توساللا بېگى : ئېلى بەگ لاتا بىلەن نەجمىدىن بەگ ئىدى .

3- تۆۋەن توساللا بېگى : مەھەممەت ھاجى بەگ بىلەن مەتتۇرسۇن مېلىك ھاجىم ئىدى .

4- يوقارقى بورزان بېگى : مەھەممەتسىدىق قازى بەگ بىلەن ئەخمەت توختى بەگ ئىدى .

5- تۆۋەن بورزان بېگى : نىياز ھاجىم بەگ بىلەن ئىمىن بەگ ھاجى ئىدى .

6- يوقارقى سوپا بېگى : ئابدۇكېرىم ھاجى بىلەن ئوبۇلقاسىم بەگ ئىدى . (ئوبۇلقاسىم بەگ ھازىرمۇ ھايات بولۇپ ، 72 ياش ئەتراپىدا )

7- تۆۋەن سوپا بېگى : سادىر بېگىم بىلەن يەھيا بەگ ئىدى .

8- يېڭىئاۋات بېگى : توختى ئاخۇنۇم بىلەن سەيدى بەگ ئىدى .

9 - تاغ رايونى بېگى : مىرزاكېرىم بەگ بىلەن غو-

جەمئەت بەگ ئىدى . يۇقىرىقى بەگلەرنىڭ بىر قىسمى بىر قارار خەنزۇچە ئوقۇپ ،كۇرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن بەگلىككە تەيىنلەنگەنلەر بولۇپ ، يەنە بىر قىسمى ئىسلام ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بەگلىكتە قالغان-لار ئىدى. بۇ بەگلەرنىڭ مائاشى چوزا پۇلى بولۇپ ،(يەر ساتقاندا ئالىدىغان شىرىنكا پۇلى ) يۈز بېشىمۇ شۇ پۇلدىن تەمىنلىنەتتى .

ماخوسەن يۇقىرىقىدەك ھەربىي ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ئارقىلىق ،ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ ،ئىڭ مۇھىمى ئۆزىگە ئالتۇن ، كۈمۈش (يامبۇ) توپلايتتى . ئەسكەر-لىرى مۇداپىئە كۆرۈشتىن باشقا ،يەنە ئىچكى جەھەتتە قوز-غىلىشلەرنى بېسىقتۇرۇپ ،ئالۋاڭ - سەيسە يىغىشقا مەسئۇل بولاتتى . يەنە بىرلىيەن ئەسكەر كېرىيە تاغلىرىدىن مەخ-سۇس ئالتۇن كولايتتى . خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ سەيسىنى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتۇراتتى. بۇنىڭغا قارشى چىققان خەلقنى ئېسىپ ئۇرۇش بىلەن ئۆلتۈرەتتى .

ماخوسەننىڭ زۇلمىغا قارشى باتۇر خوتەن خەلقى كۆپ قېتىم قوزغالغان بولسىمۇ ،كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا يې-ڭىلدى . يەنى قاراڭغۇ تاغ ۋەقەسى بىلەن تەۋەككۇل ۋە-قەسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. (بۇلار ئۆز بابىدا سۆز-لىنىدۇ.)

ماخوسەن خوتەندە ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۆز ئالدىغا پۇل ياساپ تارقاتتى. بۇ پۇللاردىن: خام قەغەزدە ئىشلەنگەن توپىشا قەغىزى، خاپىيو (قەشقەر تىزىسى)، يۈۋپىيو (خەسگە باسقان پۇل يەنى ياغ تىزا) قاتارلىقلار بار ئىدى. بەزى چاغلاردا كونا داچەن پۇلنىمۇ خەجلەيتتى.

## 3- ئالۋاڭ - سەيسى

ماخوسەن دەۋرىدە خوتەن خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - سەيسە ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەر كۈنلىكى دېگىدەك 40 خىلدىن ئاشاتتى. ھەر كۈنلىكى بىر قانچە ئادەم ئالۋاڭ - ياساق دەردىدىن ئېسىپ ئۆرۈلۈپ، جېنىدىن ئايرىلاتتى. ماخوسەن خوتەندىكى %90تىن ئارتۇق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقنى دەھشەتلىك ئىزىپلا قالماستىن، بەلكى تاغ جاڭگاللىرىدا، يىراق يايلاقلاردا ياشايدىغان چارۋىچى خەلقلەرنىمۇ زۇلۇم سېلىپ قاقشىتاتتى.

ماخوسەنىنىڭ خوتەن رايونىدىكى 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يېمەكلىكىنى شۇنداقلا ماخوسەنىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش (يامبۇ) ئالۋاڭلىرىنى خوتەن خەلقى تەل قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ سېلىقلىرى ئىچىدە ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن پىت سېلىقىمۇ بار ئىدى. خەلق ئۈستىدىكى سېلىقلارنىڭ بەزىسى كۈندىلىك،

بەزىسى ھەپتىلىك ۋە بەزىسى قەرەلسىز بولۇپ ، خەلقنى ئۆي- ماكانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى .

مەسىلەن : تۆۋەندىكى ئالۋاڭ- سېلىقلارنى كۆرۈپ باقايلى :

1- غەللە (يەرگە قويۇلغان ئاساسلىق باج)

2- ئۆشرە (مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىدىكى ئوننىڭ بىرنى بېرىش )

3- دەن ئاشلىقى (بېردەن ئون چارەك )

4- چۆرىمە ئاشلىق ( بوغازغا كېلىدىغان ئاشلىق)

5- ھەرمو يەرگە كەلگەن بوغداي ، قوناق ، گۈرۈچ ، ئارپا (ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن )

6- كېپەك . (ئاتنى بېقىش ئۈچۈن)

7- ئوتۇن ، سامان ، پىچان (ئات- ئۇلاغلار ئۈچۈن)

8- ئالتۇن ، كۈمۈش ، (يامبۇ)

9- خام ، چەكمەن ، پاختا يىپ (كىيىم -كېچەكلىرى ئۈچۈن )

10- خۇرۇم ، چەم ، كۆن ، تېرە (ئاياغلىرى ، ئات جابدۇقلىرى ئۈچۈن)

11- يۇڭ ، يۇڭ يىپ (يوتقان ، كۆرپە ، گىلەم ھەم ياتاق خورجۇنى ئۈچۈن )

12- تۆمۈر ، مىس ، چۆيۈن ، قوغۇشۇن ، قەلەي ،

تۆچ ، پولات (ئاتلىرى ئۈچۈن يۈگەن ، تاقا ، قېلىچ ، كوكەر ، مىشەك، بومبا ياساش ئۈچۈن، )

13ـ ئارغامچا ، (ئادەم باغلاش، ئاتلىرىنى باغلاش ئۈچۈن)

14ـ تاغار ، چوڭ - كىچىك خورجۇن ( ئەسكەرلەرگە ئاشلىق توشۇش ، ئاتلىرىغا سامان، يەچان توشۇش)

15ـ چىنە ، قاچا ، لىگەن ، پەتنوس ، چەينەك ، چۆمۈچ ، مەش ، تۈگرا ، ئاياق -قۇشۇق ،

16ـ كاساڭ قاتارلىقلار .

17ـ كالا ،تۆگە (تايلاق) ئات ،قوي (يېيىش ھەم مىنىش ئۈچۈن)

18ـ توخۇ ، ئۆدەك ، كەپتەر ،باچكا(تاماق ئۈچۈن)

19ـ توخۇ، ئۆدەك، كەپتەر تۇخۇمى، (يېيىش ئۈچۈن)

20ـ ئىگەر ، يۈگەن ، ئىزەڭگۈ ، نوختا ، پوشتان ، (ئاتلىرىنى جابدۇشقا )

21ـ ئاياللارنىڭ چېچى ،كىرپە ( ئاتلىرىنى سەمرىتمىش ئۈچۈن)

22ـ جىگدە ، ئۆرۈك يىلىمى . (ئاياغ تىكىش ئۈچۈن)

23ـ قاشتېشى (نەپىس بويۇملار ياساشقا)

24ـ داۋىغان تېرىسى . (چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۈچۈن)

25ـ تۈلكە تېرىسى. (چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۈچۈن)

26ـ پاي پۇلى . (تەنزە پۇلى )

ئاخۇسەن يۇقىرىقىدەك ئالۋاڭلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتۇپ، مەجبۇرىي ئىشقا سېلىش ئارقىلىق خەلقنى ئازابلايتتى. قارشىلىق قىلغانلارنى ئېسىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. ھۈنەرۋەنلەر بۇنداق زۇلۇمدىن بىزار بولۇپ، «ئۆز ھۈنىرىمىز ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولدى» دېيىشەتتى. شۇنداق قىلىپ ئورغۇنلىغان ھۈنەرۋەن خەلق يۇرت-ماكانىدىن، بالا-چاقىسىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇشاتتى. مانا مۇشۇنداق ئازابلارنى تارتقان ھۈنەر ئىگىلىرى 40 خىلدىن ئاشاتتى. يەنى: ياغاچچى، سەيپۇڭ، تامچى-سۇۋاقچى، كېگىزچى، جۇۋىچى، مۆزدوز، جۇۋازچى، تۆمۈرچى، گىلەمچى، ساتىراش، ئاشپەز، ناۋاي، خامچى (چەكمەنچى)، مىسكەرچى، بوياقچى، تورچى (يوتقان، كۆرپە تورى ئەتكۈچى)، ئاتقۇچى (پاختا ئاتقۇچى)، يىكچى، ئاياقچى (تاماق يەيدىغان ياغاچ قاچا)، بورىچى (قومۇشتا توقۇلىدۇ)، كۆن ساندۇقچى، تاغا-خورجۇنچى، تۇماقچى، ئىگەچى، زەرگەر، سىۋەتچى، مۆلە-توقۇمچى، زەيچى، ئەلگەكچى، شاخاچى (سوپۇن قۇيۇدىغان ئادەم)، قەغەزچى، نوختىچى (ئات-ئۇلاغلارنىڭ بېشىنى باغلاش ئۈچۈن)، ياغلوچى (مەشچى)، قازانچى (بومبا قۇيۇش ئۈچۈن)، تاشچى، تۈگمەنچى، تۇزچى، خەيجاڭ، بۆتچى (شايى، ئەتلەس توقۇيدۇ)، سار-



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

رات (ئىگە-چابدۇق ئەتكۈچى) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇكى-
شىلەرنى تۇتۇپ مەجبۇرىي ئىشلىتىشنىڭ سىرتىدا، يەنە
خىلمۇ-خىل ئۇسۇللار بىلەن ئادەم تۇتۇپ ئەمەلدارلارنىڭ
شەخسىي ئىشلىرىغا سېلىپ ھايۋان قاتارىدا خورلايتتى.
يۇقىرىقىدەك ئالۋاڭ - سېلىقنىڭ كۆپلىكىدىن ياشلار ئەس-
كەرلىككە تۇتۇلسا، قېرىلار ئۆتۈن، سامان توشۇيتتى.
ئاياللار ئىش -ئەمگەك بىلەن بولۇپ، مەھسۇلات ئالالمايت-
تى. شۇڭا ماخوسەن ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دەۋرلەردە يەي-
دىغان نەرسە يوق، كۈنجىرىنى نان ئورنىدا يىگەن. بۇ
زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق قوزغىلىپ قارشىلىقمۇ كۆرسەت-
كەن. لېكىن ماخوسەن تەرىپىدىن پاجىئەلىك باستۇرۇلغان.
مەسىلەن: 1935- يىلى يازدا قاراگۇ تاغ خەلقى ماخو-
سەننىڭ ئالۋاڭ- سېلىقىغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ
قارشىلىق كۆرسەتكەن. ھەتتا قاراگۇ تاغ كۆۋرۈكىنى ئې-
لىۋېتىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئالۋاڭ-سېلىق تۆلىمەي كەلگەن-
لىكى ئۈچۈن ماخوسەن غەزەپلىنىپ، مالۇيجاڭ (خۇيزۇ)
باشچىلىقىدا 180 ئەسكەر چىقىرىپ قاراگۇ تاغ خەلقىنى
قانلىق باستۇرغان. ئۇلار 188 ئادەمنى نەق مەيداندا
قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، 16مىڭ 500 قوي، 3500 قو-
تاز، 680 ئات، 1500 ئېشەكنى بۇلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ-
نىڭدىن باشقا يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ دكوتورەلىمەسەك، ساڭ-

كەلمەتتۇۋال» دېگەندەك. ھېلىگەرلىك قىلىپ خەلقنىڭ سېلىقىـ
نى ئېغىرلىتىپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، خەلقنى قىيىنايدۇ.
مەسىلەن: خېلىل ئاخۇن ھاجى (ئىسلام ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا
توساللا بېگى ئىدى) قاراڭغۇ تاغقا بېرىپ خەلققە: «سە-
لەر ماڭا 500 سەر ئالتۇن بەرسەڭلار، مەن سىلەرنى ما-
خوسەننىڭ ئالۋاڭ - سېلىقىنى تۆلىمىدى دەپ ئازابلايدى-
غان قىيناشلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قويىمەن» دەپ كوللىغان.
شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ تاغنىڭ پىيىشى دېگەن يېرىدىن ئە-
دىرىس ھاجىم چوناقنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت مۇسا 500
سەر ئالتۇننى بەرگەن. لېكىن، بۇ ئالدامچى خۇمپەر بۇ-
ئالتۇننى ماخوسەنگە بەرمەي ئۆزى ئېلىۋالغان. بۇنى
ئۇققان ماخوسەن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، قاراڭغۇ تاغ خەلقە-
گە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ، تېخىمۇ قىرغىنچىلىق ئېلىپ
بارغان. بۇ جەھەتتە قاراڭغۇ تاغ خەلقىنىڭ تاھازىرغى-
چە ئېغىزىدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىپ يۈرگەن تۆۋەن-
دىكى قوشاقلىرى ماخوسەننىڭ زۇلمىنىڭ ئېنىق دەلىلى:

ئازنە-شەنبە كۈنلەردە،
دۈشمەن ئالدىدا كىمكەلدى؟
چاما ئەت قاتار تۇرۇپ،
قىيالە تامدىن ئوق كەلدى.
خوتەندىن چىققان ئۇن كىشى،

دەپياۋتۇ① دەپ ئات قويدى.
بەش پاشا② نىڭ مەنزىلىگە،
تۇڭگان گۆيلار ئوت قويدى.
ئويناغان گۆي، كۈلگەن گۆي،
ۋەدىسى يالغان تۇڭگان گۆي.
ئاللا-ئاللا ئەربالا،
باغلاپ كەتتى تۇڭگانلار.
نېسىغا③ چىققان ئەرلۈيجاك،
پېشىغا④ چىققان مالۈيجاك.
ئاق تۇرسۇننى تۇتۇپ كەلدى،
يېڭى شەھەرلىك سەنمۇجاك⑤.
بۇيىل ياغمۇر بەك ياغدى،
لەيلەك بولدى داۋانلار.
ئۆز ئېرىدىن ئايرىلىپ،
ۋەيران بولدى جۇۋانلار.
قاراگۇ تاغىنىڭ ئىچىدە،
قۇمۇش بىلەن تارىشا.
بىزگە بولدى نەسىھەت،
تاغدىن چىقماس پادىشا.

---

① ۋەكىل بېشى، بەش پاشا②: تاراجىم، مەمتىلى ھاجىم، ئاق تۇرسۇن موللام، ئاق سەيدى، مۇھەممەت سەيدى.
③، ④ نېپىسى، پېشى: قاراگۇ تاغدىكى كەنتنىڭ ئىسىملىرى.
⑤ قاراقاشلىق مىلىك ھەزرىتىمنىڭ سەنمۇجاڭى نۇراخۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق قوشاقلار ئىنتايىن كۆپ. قوشاقلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، خەلق ئۆزىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى باسالماي ماخۇسەنىڭ باستۇرۇشىغا، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا نارازى بولۇپ قەتئىي قارشىلاشقان. ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، زۇلۇم ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمىگەن. قاراڭغۇ تاغ ۋەقەسىنىڭ تەپسىلاتى ئۆز بابىدا سۆزلىنىدۇ.

## 4. قاراڭغۇ تاغ خەلقىنىڭ ماخۇسەنگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

قاراڭغۇ تاغ خوتەن ناھىيىسىگە تەۋە تاغ بولۇپ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 136 ئائىلىلىك چارۋىچى ئورۇنلاشقان جاي (شۇچاغدىكى سان). بۇيەرنىڭ شەرق تەرىپى يورۇڭقاش دەرياسىدىن كۆلا كۆۋرۈك بىلەن ئۆتۈپ، پېشە، بۇيا، خوتەنگە كېلىدىغان يول بىلەن تۇتاشقان. شىمال تەرىپىدە كوئىنلۇن تاغ تىزمىسى، جەنۇب تەرىپىدە ھىندى قۇش تاغ تىزمىسى، شەرق تەرەپىدە مۇز تاغ، غەرب تەرىپىدە يەنە ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى بار. قاراڭغۇ تاغ خەلقى ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ يەردە خوتەندىكى بايلارنىڭمۇ، ئوپتەكى بايلارنىڭمۇ يايلاقلىرى بار.

1935-يىلى ماخۇسەنىڭ ھەربىي تەمىنات باشقارمىسى-

دىن قاراڭغۇ تاغ خەلقىگە گۆش ۋەزىپىسى قويۇپ پەرمان چۈشۈردى، بۇ پەرمانىنى قاراڭغۇتاغ مىڭبېگى خوجى ئەخمەت بەگ تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئوغلىنى بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا چىقىرىدۇ. بەگنىڭ ئوغلى مېتىمىز، نېمە قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلارنى يىغىپ 500 قوتاز، 1500 قوينىڭ ئاۋۇدىغىنى خەلققە چاچىدۇ ۋە بۇ چارۋىلارنى ئەتىسى چۈشكىچە يىغىپ ئەكىلىپ بەگكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. خەلق تۆت كۈندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. لېكىن بەگ ئوغلى بۇنى رەت قىلىدۇ. خەلق بىلەن بەگ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش يۈز بېرىش ئېھتىمالىغا ئىنتايىن يېقىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنى سەزگەن خەلق ئىچىدىكى ئاق تۇرسۇن موللا دېگەن كىشى بەگ قېشىغا بېرىپ، تاغنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەيدۇ ۋە ماللارنىڭ يايلاقتا ئىكەنلىكىنى، يايلاقتىن ئەكىلىش ئۈچۈن 2—3 كۈن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ تۆت كۈندىن كېيىن يەتكۈزۈپ بېرەيلى دېگەن گېپىنىڭ ئىنتايىن ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بەگنىڭ ئوغلى ئۇنىماي يەنە ئۆزىنى كۆرسىتىپ: «ھەي ئاق تۇرسۇن موللا، سەن مېنى بىلەمسەن؟ بىلمىسەڭ، بىلىپ قوي: مەن غوجەخمەت بەگنىڭ ئەركىن بالىسى بولىمەن، مەن ئەتە دېدىم، ئەتە بېرىسەن. ئەگەر ئەتە بەرمىسەڭ، قىيامەتنى شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چاغدا كۆرسەن دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاقتۇرسۇن موللا دەرغەزەپ بولۇپ: «سېنى كىم بىلمەيدۇ، سەنمۇ مېنى تونۇپ قوي: مەن بولسام، ئېسىلمىق ئاقتۇرسۇن بولىمەن، سەن غوجەخمەت بەگنىڭ ئوغلىمۇ؟ داداڭ لوجىڭغانىڭ ۋاقتىدا يايلاقتىن باج ئالدى، ئىسلام بولغاندا، سەن ئىمىر بولۇۋېلىپ، داداڭنى يۆگەپ قالدىڭ. يېڭىساردا ئىمىر ساھىپنىڭ مۇھاپىزەت قىسمىدا ئىدىڭ. ماخوسەن بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئەسكەرلەرنى تاشلەۋېتىپ قېچىپ كەلدىڭ. سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئىمىرساھىپ نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن شېھىت بولدى. نەتىجىدە بىز خەلق زالىم ماخوسەنگە تۇتۇلدۇق. ئەندى بۈگۈنكى كۈندە بەگ بولۇۋېلىپ ماخوسەننىڭ دېپىنى چېلىپ، خەلق ئالۋاڭنى تۆت كۈندىن كېيىن بېرەيلى دېسە، ئۇنىماي، بۈگۈن بېرىسەن دەپ قىستاسەن؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالىدۇ. تاغ خەلقى بەگ ئوغلىنى ئۇرۇپ بىر ئۆيگە قاماپ قويىدۇ. تاغ خەلقىنىڭ ئەلپازىدىن قورققان بەگنىڭ ئوغلى يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرىدۇ، ئاقتۇرسۇن موللا: «ساڭا جان لازىم بولسا، تاغدىن ھازىر كەت، مىلىك ھەزرىتىم بىزنىڭ پادىشاھىمىز، سۆزدەگە بويسۇنىمىز، لېكىن، ماخوسەنگە بەيئەت قىلمايمىز» دەيدۇ ۋە بەگنىڭ ئوغلىنى ھەيدىۋېتىپ، ئاقتۇرسۇن موللا ئۆزىنى تاغنىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداقلا تاغ تەۋەسىدىكى پالۋانلارنى يىغىپ ماخوسەن ئەسكىرى كېلىدىغان

يولنى توسۇپ ياتىدۇ. بۇۋاقىتتا ئەل تاغ تۇمىنى كېلىپ دەريا-
داسىغا ئۇلغىيىدىغان چاغ ئىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئۇلار دەريادىكى كۆلەكۆۋرۈكنى ئېلىشىپتىدۇ.

ئاقتۇرسۇن مولامنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى بەگلەر خوتەن
ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ئابلاجان قارىمىغا مەلۇم قىلغانىدىن
كېيىن، ئامبال بۇ ئەھۋالنى دوتەي مېلىك ھەزرەت بىلەن ما-
خوسەنگە يەتكۈزىدۇ. ماخوسەن بۇنى بىر ياقىلىق قىلىشنى
مېلىك ھەزرەتكە تاپشۇرىدۇ. ئۇ ئالۇپ ناھىيىسىدىكى مالۇي-
جاڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاقتۇرسۇن مولامنى تىرىك تۇتۇپ
كېلىشنى، ئەگەشكۈچىلىرىنى باستۇرۇشنى تاپىلايدۇ. بۇيرۇق-
نى ئالغان مالۇيجاڭ قىسىملىرى بىرقانچە قېتىم بېرىپمۇ
كۆلەكۆۋرۈك بولمىغاچقا، دەريادىن ئۆتەلمەي يېنىپ كېلىدۇ.
بۇ ئەھۋال ئىككى يىلدەك داۋاملىشىدۇ، ماخوسەن تاغ خەلقى-
دىن ھېچقانداق ئالۋاڭ ئالالمايدۇ. ماخوسەن بۇ ئەھۋالنى
ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن قاتتىق غەزەبلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن
ھىلىگەرلىك، ئالدامچىلىق بىلەن تۇزاق قۇرۇپ، تۇزاققا چۈشۈ-
رۈشنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇتاغ خەلقى چۈشۈنە-
دىغان ئىلمىخان ئىشانىنى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئىلمىخان ئە-
شان خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىن بولۇپ، دائىم
قاراڭغۇتاغقا بېرىپ ئىشانلىق قىلىپ، مۇرۇت توپلىغان ۋەشۇ
ئارقىلىق كۆپ ئابروي تاپقان. قاراڭغۇتاغ، مېتىمز، نىسە، ئەش-

پۇل-پىچە، بۇيا ئايىماقلىرىدىكى خەلق بۇ ئىشاننىڭ سوپى-لىرى ئىدى. شۇڭلاشقا مېلىك ھەزرەت قاراڭغۇ تاغقا ۋەكىل بولۇپ بارىدىغان بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ، شۇ گۇرۇپپىدىكى ۋەكىل-لەرگە ئېلىخان ئىشاننى قوشۇپ ئەۋەتتىدۇ. بۇلار بېرىپ تاغ خەلقىگە خىزمەت ئىشلەپ تۇرغانىدا، ئەرلۇيجاڭنى 180 دەك ئەس-كەر بىلەن يوشۇرۇن ماڭدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلىل ئاخۇن ھاجى كۆپچىلىككە قاراپ: «بىز بۇ يىغا كۈندۈزى بې-رىپ قالساق، ئۇلار كۆرۈپ پېشىغا، پېشىدىكىلەر قاراڭغۇ تاغ-قا خەۋەر قىلسا، قاراڭغۇ تاغلىقلار يەنە كۇلا كۆۋرۈكنى ئېلى-ۋەتسە، 14 ئۇچا (24 مېتىر) كەڭلىكتىكى دەريادىن قانداق ئۆتىمىز؟» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئەرلۇيجاڭ قىسىملىرى بۇ مەسلىھەت بويىچە، تېرىم قىشلاقتا قونماي مېڭىپ، يېرىم كې-چىدىن كېيىن پېشىغا كېلىۋالىدۇ. ۋەكىللەر ئالدىدا ماڭىدۇ. ئەرلۇيجاڭ قىسىملىرى كەينىدە مېڭىپ ئۇچرىغانلا يولۇچىلار-نى باغلىۋالىدۇ. ئېلىخان ئىشان باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر قا-راڭغۇ تاغقا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

تاغ خەلقى ئېلىخان ئىشانغا بەكمۇ چوقۇنغانلىقى ئۈ-چۈن، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ «ماخوسەننىڭ ئەس-كىرى كەلمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ، پوستىكىلەر پوستتا تۇرمايدۇ، خەلق بىخۇتلىشىدۇ. شۇ كۈنى تاڭنىڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ «ماخوسەن ئەسكەرلىرى كەل-



www.uyghurkitap.com

دېگەن چوقان كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا ئېلىنغان ئىشتان باش-
لاپ ئوقۇغان، بامدات نامىزىنىڭ ئۇزۇن سۈرە بىلەن باشلان-
غان پەرزى تۈگىمىگەن ئىدى. نامازنى ئوقۇۋاتقان 17 ئادەم ئۆز-
ئورنىدىلا ئېتىپ تاشلاندى. ماخوسەن ئەسكەرلىرى كۆۋرۈك-
تىن قانداق ئۆتتى؟ كولا كۆۋرۈك نېمە ئۈچۈن ئېلىنمىدى؟
ئەمەلىي كولا كۆۋرۈككە ئالاھىدە ئادەم قويۇپ ساقلاۋاتاتتى.
بىراق بۇ چاغدا بېيشىلىق ئىشان نىياز ئاخۇننىڭ ئايالى
توختىخان ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، نامازغا بارىدىغان خەلق كولا
كۆۋرۈكنىڭ ئاختايلىرىنى ئېلىپ قويىدۇ. بۇ پۇرسەتنى
غەنىيمەت بىلگەن ماخوسەننىڭ ئەسكەر باشلىقى ئەرلۈيجاڭ
180 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كولا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئالدىدا
بامدات ئوقۇۋاتقان بىگۇناھ خەلقنى قانلىق باستۇرىدۇ.
قاراڭغۇ تاغلىق تارى هاجىم، مەمتىلى هاجىم، مەتنىياز ئاخۇن،
ئاق ئالىم ئاخۇن قاتارلىق چارۋىدارلاردىن 17 كىشىنى يالاڭ-
لىغاچلاپ باغلاپ قويۇپ، 176 ئادەمنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدى-
دا چېپىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان تارى هاجىم، مەمتى-
لى هاجىملارنىڭ ئىككى ئوغلى ئۆيدىكى مىلتىقنى ئېلىپ
چىقىش ئۈچۈن يۈگرەيدۇ. لېكىن ئەرلۈيجاڭ ئەسكەرلىرى
بۇ ئىككى ئوغۇلنى تۇتۇپ ئەرلۈيجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە
چىي بورىغا يۆگەپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ. چارۋىچى-
لارنىڭ بوغدا يىلىرىغا ئوت قويىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ تۇيۇقسىز قىرغىنچىلىقىدىن قورقۇپ بۇغدايلىقتا يو-
شۇرۇنۇۋالغان بەش نەپەر قىز، ئاجىز كىشىلەرمۇ بۇغداي
بىلەن بىللە كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇغدايلىقتا
يوشۇرۇپ قويغان ئىككى بۆشۈكتىكى ئىككى بوۋاقمۇ كۆ-
يۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ
بۆلۈمىگە ئوت قويۇۋېتىدۇ. يېزىلاردا ئېيتقىنىمىزدەك 15
مىڭ 500 قوي، ئۈچ مىڭ 500 قوتاز، 1500 ئېشەك، 680 ئات ۋە نۇر-
غۇن ئالتۇن، كۈمۈش (يامبۇ) لارنى بۇلاپ قاراڭغۇ تاغنى
كۈزۈستانلىقتا ئايلاندۇرۇپ، ئاقتۇرسۇن موللا باشچىلىقىدى-
كى 18 كىشىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ قايتىپ كېلىدۇ.
بۇ كىشىلەرنى پەيشەنبە كۈنلۈكتە ھازىرقى «قىزىل يول-
بۇز» كىنوخانىسىنىڭ ئورنىدا پاجىئەلىك ھالدا چېپىپ
تاشلايدۇ. بۇلارنى چاپىدىغان چاغدا ماخوسەننىڭ ئاخۇنلى-
ئاخۇن لۇيجاڭ بېشىغا سەللە ئوراپ، يېنىغا تاپانچا
ئېسىۋېلىپ، بۇ 18 كىشىنى يالىڭاياغ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ،
كونا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت پادىشاھلىرىنىڭ قائىدىسى بو-
يىچە «ئۆلتۈرۈم» دېگەن تۆمۈر تامغىنى قىزىتىپ ئۇلارنىڭ
كەينىگە بېسىپ، ئاندىن «سا» (بوغۇزلا) دېگەن پەرمان
بىلەن رەھىمسىز چاپىدۇ.

قاراڭغۇ تاغ رايونىدا ماخوسەننىڭ ئالۋاڭ-سەلىڭلىرىگە
قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشتە گەرچە ئىككى يىلدىن ئار-

تۇق غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك ئەمەل-
دارلارنىڭ، دىنىي تونغا ئورۇنىۋالغان ئالدامچىلارنىڭ خا-
ئىنلىقى بىلەن ئاخىرى قانلىق باستۇرۇلدۇ. لېكىن، قا-
راڭغۇ تاغ خەلقىنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىققان زالىملارنىڭ
زۇلمىغا قارشى قوشاقلىرى ھازىرغىچە خەلق قەلبىدە ساق-
لىنىپ، ماخوسەنگە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنىڭ
نامايەندىسى بولۇپ قالماقتا.

## 5. تەۋەككۇل خەلقىنىڭ ماخوسەننىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

1935-يىلى 6-ئايلاردا ماخوسەننىڭ خوتەن ناھىيە
تەۋەككۇل يېزىسىدا توققۇز نەپەر، ئىسلامئاۋاتتا يەتتە
نەپەر ئەسكىرى بولۇپ، بۇلار يورۇڭقاش دەرياسى ئىككە-
گە ئايرىپ تۇرغان تەۋەككۇل بىلەن ئىسلامئاۋاتتا ماخو-
سەننىڭ تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقلىرىنى يىغىشتىن سىرت، تە-
ۋەككۇل ئارقىلىق ئاقسۇ، كۇچارغا ھەم شىمالىي شىنجاڭ-
غا بارىدىغان ۋە ئۇ يەردىن كېلىدىغانلارنى تۇتۇش، بۇ-
لاش ئىشلىرىنى قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ تەرەپ-
لەردىن كېلىدىغان ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈ-
چۈن قويغان ئەسكىرى كۈچى ئىدى. ئۇلار يەنە پۇقرا-
لارغا دەن ئاشلىقى، ئوتۇن، سامان، پىچان قاتارلىق سې-

تىلىقلارنى سېلىپ، ۋاقتىدا پەرمىگە نانەرنى بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ئىسسىپ قويۇپ ئۇرۇپ، يېرىم جان قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماخوسەننىڭ چېرىكلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ خەلقنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى، قىزلىرىنى زورلۇق بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولاتتى. قورال كۈچى بىلەن ئاياللارغا زورلۇق ئىشلىتىپ بۇلاپ كېتەتتى. بۇنداق زوراۋانلىقلارنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىغان تەۋەككۈل دېھقانلىرى: «ماخوسەن ئەسكەرلىرى قاغىلىقنىڭ بۇ تەرىپىدىلا بارمىش، بۇلار ھۆكۈمەتمۇ ئەمەس ئوخشايدۇ» دېگەن گەپلەر بىلەن بىراقلا قوزغىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇلارنى يوقىتىۋەتسەك، بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلالماي بولامدەك دېگەن خىيالغا كېلىمدۇ-دە. ئەخمەت سەردار دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. ئەخمەت سەردار ئەسلى قاراقاش ناھىيىسىدىن بولۇپ، ماخوسەننىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي تەۋەككۈلگە قېچىپ بارغان كىشى ئىدى. ئۇ تەۋەككۈلنىڭ دەرتمەنلىرىدىن ئېلى ھاجى، شاكىركۆك، مۇھەممەت چاناق، ساۋۇر بوۋا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ پىلان تۈزۈپ، بۇلار باشچىلىقىدا جەمئىي 80 نەچچە ئادەم قوزغىلىپ چىقىدۇ. بۇلار ئىچىدىن ئەخمەت سەردار «ئىمىن ھەزرىتىم»، شاكىركۆك دېگەن كىشى «شاھ

ماڭسۇن» بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئازنە كېچىسى ماخوسەننىڭ ئاز-
نە بازاردىكى ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار
ئىچىدىكى خەي فۇگۇەن، مافۇگۇەن قاتارلىق داڭلىق جال-
لاتلارنى تاياق-توخماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۇ. قالدى
ئەسكەرلىرى پاتىپاراق قىلىشىپ تەرەپ-تەرەپلەرگە قاچتۇ. بۇ
قوزغىلاڭچىلار ئازنە بازاردىكى ماخوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ
بازىسىدا يېرىم كۈن تۇرۇپ، ئاندىن خوتەن تەرەپكە قا-
راپ يولغا چىقتۇ. ئۇلار ئوتتۇرا لەڭگەرگە يېتىپ چىقى-
قاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىڭغا يېقىن دېھقان تەشكىللە-
نىپ ئەگىشىپ چىقتۇ. شۇ ئارىسلىقتا ئىسلامئاۋاتتىكى
ماخوسەن ئەسكەرلىرىدىن لۇفۇگۇەن دېگەن ئاتقا مىنىپ
كېزىدىن خوتەنگە چىقىپ ئاخۇن لۈيجاڭغا «تەۋەككۈلدا
زىۋازا پەيدا بولدى» دەپ مەلۇم قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن
تەۋەككۈل تەرەپكە غوجانىياز ھاجى ئادەم باشلاپ چىقىپ-
تۇ دەپ، ئەرلۈيجاڭنى بىر لۈي ئاتلىق ئەسكەرلىرى بى-
لەن تەۋەككۈلگە ماڭدۇردۇ. بۇلار خوتەندىن يولغا چى-
قىپ باش لەڭگەر دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، تەۋەك-
كۈل تەرەپتىن چىققان قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قا-
لىدۇ. ئەرلۈيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارنى ئوققا تۇ-
تىدۇ . نەچچە ئونلىغان ئادەم ئۆلىدۇ. خەلق ھەر تەرەپكە
قېچىشقا باشلايدۇ، ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى قوزغى-

لانچىلار گەرچە قەھرىمانلىق كۆرسەتسىمۇ، قولىدا تاياق-توخماقتىن باشقا قورال بولمىغاچقا، مەغلۇپ بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ئەخمەت سەردار (سەردار — 1933-يىلدىكى ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ روتا كوماندىرلىرىغا بېرىلگەن ھەربىي ئۇنۋان) بىر بۆلەك ئادەملەرنى باشلاپ دەريانى بويلاپ، جاڭگال يولى بىلەن ئاقسۇغا قېچىپ كېتىدۇ، يەنە بەزى قوزغىلاڭچىلار 2-3 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى توغراقلىق جاڭگاللارغا قېچىپ كېتىپ جان قۇتقۇزىدۇ. ماخوسەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئېتىپ-چېپىپ شۇ كۈنى كەچتە تەۋەككۆل، ئىسلامئاۋاتقا باستۇرۇپ كىرىپ، 3-4 كۈن «قەتلىئام» قىلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى ياش-قېرى دېمەي ئېتىپ-چېپىپ قىرغىنچىلىق قىلىدۇ. ھەتتا ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇپ يوشۇرۇنۋالغانلارنىمۇ تۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ. يۇرت ئېچىدە ئانچە-مۇنچە نامى چىققان كىشىلەرنى تېپىپ كېلىپ ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلار ئېغىر تاياق زەربىسىگە چىدىماي، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى «زىنۋازا» دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا تەۋەككۆلغا تارى بەگ دېگەن كىشى بەگ بولغان بولۇپ، ئۇ كىمنى كۆرسىتىپ بەرسە، شۇ كىشىنى «زىنۋازا» دەپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى يېتىپ بېرىپ ئەتىكى كۈندىن كې-

يىسلاتۇتۇلغان بىگۇناھ ئادەملەردىن 35 كىشىنى ئېلىپ چىق-
قىپ، ئازنە بازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شورلۇقتا ئورا كو-
لاپ، قېلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەتتىمەك قېلىچلاردا
چېپىلغان ئادەملەر بىر-ئىككى قېلىچ ئۇرۇش بىلەنلا ئۆل-
مىمۇ، كاھال قېلىچلاردا، چېپىلغان كىشىلەر ئون نەچچە قې-
لىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆلىدۇ. ئەتىسى يەنە ئادەم ئىزدەپ
ھوك دېگەن يەرگە چىقىپ، ئىمىن ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ
ئۆيىدىن بىرخۇرجۇن ئاق تەڭگىنى بۇلاپ ماڭىدۇ. ئىمىن
ھاجىم قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇسقاندا، ئىمىن ھاجىمنى يەك-
شەنبە بازارغا ئېلىپ چىقىپ قېلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاي-
دۇ.

تەۋەككۇل تەرەپتە 35 ئادەمنى چاپقان كۇنى ئىسلام-
باۋاتتىمۇ 34 ئادەمنى قېلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ
ئۆلگەن 34 ئادەم ئىچىدىن مەتتوختى قوش دېگەن كىشى
ئۆلمەي قېلىپ كېيىن قوپۇپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ كىشى
شۇ قانلىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھايات ياشى-
ماقتا. لېكىن ئۇنىڭ بويىنى قىيسىق. ساقايغانلىقتىن، ئۇنىڭ
«قوش» لەقىمى قىيسىققا ئۆزگىرىپ، كىشىلەر ئۇنى مەتتوخ-
تى قىيسىق دەپ ئاتىماقتا. يەنە قاقشال دېگەن يەردىن
بىر ئادەمنى چاپقاندا، ئايالى «ۋايجان» دەپ تۇۋلىغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ ئايالنىمۇ چېپىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەتىسى

يەنە ئازنە بازاردا قادىر يۈز بېشى، ئەخمەت چوقا قاتارلىق كىشىلەرنى «زىنۋازا» تۇتۇپ بەرمىدىڭ دېگەن باھانە بىلەن ئازنە بازاردىكى ئادەم چاپقان شورلۇققا ئېلىپ چىقىپ قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى يېتىپ بېرىپ يەتتە كۈن ئۆتكەندە، يەنە شەھەر بويىدىكى گەن پەردە سەيدى ئاخۇن قاتارلىق توققۇز بىگۇناھ كىشىنى چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن ماخمۇت ئاخۇن دېگەن كىشىنى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ «زىنۋازا» تۇتۇپ بېرىسەن دەپ ئاتقا ھەيدىگۈزۈپ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەريادا كەلكۈن بولغاچقا، ئەسكەرلەر سۇدىن قورقۇپ ئۆتەلمەيدۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ماخمۇت ئاخۇن ئاتنى تاشلاپ ئۆزىنى سۇغا ئاتىدۇ. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئوق ئاتسىمۇ تەگمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ماخمۇت ئاخۇن ماخوسەن ئەسكەرلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ساق-سالامەت ئاقسۇغا بېرىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقاندا كۆپلىگەن كىشىلەر ھال-مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ، دەشتى-چۆللەرگە قېچىپ كېتىپ، بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئاغىلۇ. يېتىلغانلىقتا ئايدىن قايتىپ كېلىدۇ. تەۋەككۇل ۋە ئىسلامئاۋاتتىكى قىرغىنچىلىقتا بۇ ئىككى كەنتتىن جەمئىي 200

-دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلىدۇ. كېيىن خوتەندىن ئاخۇن لۈيجاڭ بىلەن مەمەتئالى داۋۇللام دېگەنلەر تەۋەككۇلغا جىبىرىپ ئادەم ئۇتتۇپ ئۆلتۈرۈشنى توختاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن لۈيجاڭى سا لۈيجاڭنى ئەس- كەرلىرى بىلەن تەۋەككۇلدا داۋادالىق ئەسكەر تۇتۇشقا قالدۇرىدۇ. سا لۈيجاڭ تەۋەككۇلدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى قاتتىق ئۇرۇپ قىينىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسكەرلىرى ئۆز باشلىقلىرىدىن تۆت ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ.

ئەمدى ماخۇسەنىڭ تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتتا تۇتقان ئادەملىرىگە كېلەيلى: ماخۇسەن قوشۇنلىرى تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتتىكى خەلقنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا ئەگەشكەن، ئەگەشمىگەن خەلقتىن بولۇپ بىر بۆلەك ئادەملەرنى باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ، پىيادە ھەيدەپ خوتەنگە ئېلىپ چىقىدۇ. ھەتتا لوپ ناھىيىسىدىن تەۋەككۇلغا كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىمۇ تۇتۇپ بىرگە ھەي- دەپ چىقىدۇ. بۇلارنى بىر نەچچە كۈن ھەر خىل ئازاب- لار بىلەن قىيناپ، سوراق قىلىپ ئاخىرى بىر شەنبە كۈنىدە (خوتەن كونا شەھەردە شەنبە كۈنى بازار بولاتتى) چۈشتىن كېيىن بازار قىزىغان ۋاقىتتا سۇ دەرۋازىدىكى قارا سۇ تۆگمەن يېنىدىكى تۈزلەڭ يەرگە (بۇ يەر ئەسلى قىغ

دۆۋىلەنگەن يەر ئىدى) تەۋەككۇلدىن تۇتقان ۋە يولدىن ئۆتكۈچى يولۇچىلاردىن بولۇپ 36 نەپەر كىشىنى ئالتىدىن سەپ قىلىپ تىزىپ چىقىدۇ. ئالدىنقى قاتاردىكى ئالتە كىشىنىڭ بۇرنىدىن سىم بىلەن تېشىپ ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ. ئىككىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ قۇلىقىدىن سىم ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ. ئۈچىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ دۇلىسىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ. تۆتىنچى قا-تاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ ئالقىنىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈ-زۈپ چاتىدۇ. بەشىنچى-ئالتىنچى قاتاردىكى ئالتىدىن 12 ئادەمنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ سىم بىلەن ئوراپ باغ-لايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يالاڭباشتاق قىلىپ يۈكۈندۈرگۈزۈپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاندىن 18 نەپەر جاللات يەڭلىرىنى تۈرۈپ قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئالدىنقى قاتاردى-كى ئالتە ئادەمنىڭ ھەر بىرىنىڭ بېشىدا ئۈچتىن تىزى-لىپ قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرىدۇ.

بىزنى مۇشۇ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن يولداشلار-دىن يولداش مەمتىمىن توختى مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇشۇ پاجىئە يۈز بەرگەندە 16 ياشقا كىرگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا ماخوسەنگە «گاۋا» لىققا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ماخوسەن ئاچقان خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. شەنبە كۈنى بازارغا چىقىپ، بۇ پاجىئەنى كۆرۈش ئۈچۈن مەن

مەمەت رەجەپ قاتارلىق بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن
شۇ مەيداندىكى بىر تىزىپ سۆگەتكە چىقىۋېلىپ ھەممە
ئەھۋالنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغانىدۇق. خەلق پۈتۈن
ئەتراپنى ئورىۋالغان ئىدى. ئاخۇن لۈيجاڭ قىغ دۆۋى-
سىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قىسقىغىنە بىر نەچچە ئېغىز سۆز
قىلدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى.
ئاندىن بىر پۇشتەك چالغانىدى، جاللاتلار تەڭلا قېلىچ
سېلىپ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ كاللىسىنى
ئالدى. بىر ئادەم قېلىچ تېگىش بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ
كېتىپ ئاندىن يىقىلدى. يەنە بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ
تېزلىنىپ ئولتۇرۇپ قېلىپ ئاندىن يىقىلدى، بۇلارغا
يەنە قېلىچ ئۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جاللاتلار ئىككىن-
چى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ ئارقىسىدا تىزىلىپ تۇر-
دى. يەنە بىر پۇشتەك بىلەن بۇلارنىڭ ھەم كاللىسى
ئېلىندى. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 36 ئادەمنىڭ بېشى كې-
سىلدى. پۈتۈن خەلقنىڭ كۆزى ياش يۇقى بولۇپ، چە-
سىز ئازابلىنىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا جازا مەيدانىنىڭ
شىمال تەرىپىدىكى چوڭ يولدا بىر ئايالنىڭ ئاللا-
چۇقان كۆتۈرۈپ يىغا-زارە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
كىشىلەر بۇ ئايالنى ئورىۋېلىشتى. ئۇ ئاق كېيىم كەي-
گەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بولۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ،

ھەر قەرەپكە ئۆزىنى ئاتلاپ دات-پەرياد قىلىپ يىغلايتتى. بىر نەچچە ئاياللار ئۇنى قۇچاقلاپ يۆلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يىغا-زارىدىن پۈتۈن خەلق چىداپ تۇرالماي ياش تۆكتى. ئەسلى بۇ ئايال لوپنىڭ جىيا يېزىسىدىن
پ. 19 ياشلىق ئوغلى ئېشەك ھەيدەپ تەۋەككۈلگە كېتىۋاتقاندا، تەۋەككۈلدىن ئۆتقان خەلقنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ماخۇسەن ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىنىمۇ قوشۇپ باغلاپ ئېلىپ چىقىپ، جازا مەيدانىدا ئىككىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ بىرسى بولۇپ بېشى ئېلىنغان ئىكەن. بۇ كۈنلەر 1936-يىلىنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، دەل-دەرەخلەر ئەمدىلا كۆكىرىگەندى. 36 ئادەمنىڭ بېشى كېسىلىپ ئارىدىن بىرەر سائەتمۇ ئۆتمەيلا شەرق تەرەپتىن ھاۋا بۇزۇلۇپ ئالەمنى سېرىق توپا باستى. كىشىلەر مانا بۇ ناھەق قان تۆكۈلگەننىڭ ئالامىتى دېيىشىپ، ئۆلۈكلەرنى يۆتكەشكە كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ئاغىنىلىرىم بىلەن قايتىپ كەتتىم».

دېمەك، تەۋەككۈل ئىسلامئاۋاتتىكى ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى خەلقنىڭ ماخۇسەننىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق پاجىئە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

ماخۇسەن خوتەنگە كېلىپ تۇپتوغرا ئۈچ يېرىم يىل

تەييارلىق قىلىپ، ئەسكەرىي كۈچلىرىنى سەككىز لۈيگە يەتكۈزۈپ، شىڭ شىسەيگە قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. لېكىن قەشقەرگە ئەڭ دەسلەپتە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن يازى لۈيجاڭ ماخۇسەندىن يۈز ئۆرۈپ، شىڭ شىسەيگە مايىل بولىدۇ. ماخۇسەن ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال قەشقەردىن يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، يازى لۈيجاڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن چولاق زىنخۇينى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن بەي سەنمۇجاڭنى يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن خوتەنگە ماڭدۇرىدۇ. ئۇ بەي سەنمۇجاڭ ئارقىلىق خوتەندە قالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى قاغىلىققا ئەكەلدۈرۈپ، ھىندىستانغا قاچىدۇ. چېگرادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا بەي سەنمۇجاڭنى ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنىمۇ ماخۇسەن ئۆزى ئېلىۋالىدۇ. لېكىن ماخۇسەن ھىندىستانغا چىققاندىن كېيىن، بۇ دۇنيالارنى ھىندىستان ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلىۋالىدۇ. ماخۇسەن قېچىش بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قالايمىقانلىشىپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا باشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ٦- ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاخىرقى زوراۋانلىقى ۋە مەغلۇبىيىتى

1937- يىلى 10- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن كېيىنكى بىر كۈنى چۈشتە خوتەن ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز قوش قاناتلىق، كۆك رەڭلىك ئۈچ ئايروپىلان پەيدا بولدۇ. ئايروپىلانلار پەسلەپ ئۇچۇپ شەھەرنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئېگىزلەپ ماخوسەن ئەسكەرلىرى جايلاشقان سېپىل ئىچىگە بىر قانچە بومبا تاشلاپ، يەنە بىر مۇنچە تەشۋىق ۋاراقلىرىنى چېچىۋېتىپ كېتىپ قالدۇ. شەھەردىكى خەلق قاچ - قاچ بولۇشقا باشلايدۇ. تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تىرىۋېلىپ كۆرگەنكىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «ماخوسەن ئەسكەرلىرىنى ئۆيۈڭلەردە ساقلىماڭلار، نەرسە - كېرەك بەرمەڭلەر ھەم ساتماڭلار. ئۇلارنى يوشۇرماڭلار، ئۇلارنى يوشۇرغان، ئۆيىدە ساقلىغان، ئوزۇق - تۈلۈك، نەرسە - كېرەك بىلەن تەمىنلىگەن ۋە يول كۆرسىتىپ ياردەملەشكەنلەرنى قاتتىق جازالايمىز، پاش قىلىپ تۇتۇپ بەرگەن ۋە كۆرسىتىپ قويغان، بىزگە ياردەم قىلغانلارنى مۇكاپاتلايمىز» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، دۈبەنشىنىڭ شەسەي، رەئىس غوجا نىياز ھاجى دەپ مىق مەتبەئەدە بېسىلغان

ئىكەن . ماخوسەنىڭ زۇلمىدىن قاتتىق بىزار بولغان خوتەن خەلقى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ماخوسەنىڭ تېزرەك يوقىلىشىنى تىلەيدۇ . شۇ كۈنى كەچتە يېڭى شەھەرگە ئوت قويىدىكەن دېگەن گەپلەر تارقىلىدۇ. راست دېگەندەك تېخى قاراڭغۇ چۈشمەيلا يېڭىشەھەر ھاۋا بوشلۇقىنى قارا تۈتەكلەر قاپلاپ ، قىپقىزىل ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ . سېپىل ئىچىدىكى يېڭى شەھەردە ئىدارە – جەمئىيەتتىن باشقا خەلقلەر ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، سودا دۇكانلىرى ، ئاشپۇزۇل ، ناۋايخانىلار كۆپ ئىدى . بۇ ئوت ئۈچ كۈندىن كۆپرەك كۆيۈپ ، شەھەر ئىچى تامامەن كۆلگە ئايلىنىپ تۈپتۈز بولۇپ كېتىدۇ . پەقەت شەرق تەرەپتىكى ئاشلىق ساڭ بىلەن سېپىل تاملا قالىدۇ . شەھەر ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم ئادەملەر شەھەرگە ئوت كېتىش ھامان شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئېلىپ تالان – تاراج قىلىشقا باشلايدۇ . شەھەر مانا شۇنداق قالايمىقانلاشقىنى تۇرغاندا ، دىنىي مەھكىمە ئاخۇنلىرىدىن مۇھەممەت شىرىپ مۆپتى ، ھوشۇر نىياز مۆپتى ، نىياز قازىم قاتارلىق بىر نەچچە ئاخۇنلار شەرقىي تومۆر دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ خەلققە : « باشقا نەرسە ئالساڭلار مەيلى ، ئاشلىققا تەگمەڭلەر، ئاشلىقنى مەھكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلايلى . يېڭى كېلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئەسكىرى بار،
ئۇلارغىمۇ ئاشلىق لازىم . بىز سىلەرگە دۇئا قىلىپ رەھ-
مەت ئوقۇيلى . ساڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ
ساڭنى مۇھاپىزەت قىلايلى » دەپ نەسىھەت قىلىپ، ئاش-
لىق ئېلىپ چىققانلارنىڭ ئاشلىقىنى قايتۇرۇۋالىدۇ . شۇ
چاغدىكى خەلىپە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن مەمتىمىن توختى،
ۋاڭ شىڭزى (ئابابەكرى تۇرسۇن) ، مەمەت رەجەپ ، ئە-
مەت ئاخۇن ھاجى ، زىكرۇللا رەھىم ، دەسەنىياز قا-
تارلىقلارمۇ مەكتەپتىن بەرگەن كۆك كىيىملەرنى كىيىپ ،
قولىغا ئالا كالتەك ئېلىپ ، تۆمۈر دەرۋازىنى توسۇپ ،
ئاشلىقنى سىرتقا توشۇشنى توسىدۇ . خەلق بۇ ئىشلاردىن
رازى بولۇپ، يىغىپ چىققان ئاشلىقلارنى تاپشۇرۇپ، ساڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلارنى ئۆچۈرۈشكە ياردەملىشىدۇ . شۇنى-
داق قىلىپ ساڭنىڭ ئاشلىقى ئاساسەن ساقلاپ قېلىنىدۇ.
لېكىن، شەھەر ئىچىدىكى تالان - تاراج كۆپىيىپ كېتىدۇ .
بىر تەرەپتىن پاتپاراقلاشقان ماخوسەن ئەسكەرلىرى
كۈندۈزى يېزىلارغا تارقاپ مۆكۈپ يېتىپ ، كېچىسى شەھەرگە
كىرىپ، باي بولسۇن، نامرات بولسۇن ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ
بۇلاڭچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆي ، مال -مۈ-
لۈكلىرى كۆيۈپ كەتكەن خەلقلەر ۋە ماخوسەننىڭ ھۈنەر
كارخانىلىرىغا مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ، ھۈنەر قىلىشقا تەقان ھۈي-

نەرۋەنلەر قولىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ ئۆز ماكانلىرى-
غا كېتىشىدۇ . ماخوسەن ئەسكەرلىرى بۇلاپ-تالاپ قول-
غا كەلتۈرگەن ئالتۇن ، كۈمۈش ، يىپەك قاتارلىق پۇل-
لۇق ھەم يەڭگىل ماللارنى ئېلىپ ، چەرچەن يولى بىلەن
قېچىشقا باشلايدۇ . بۇنداق قېچىش شىڭ شىسەي ئەس-
كەرلىرى خوتەنگە كېلىشتىن بۇرۇن تۆت - بەش كۈن دا-
ۋام قىلىدۇ . مەسىلەن : دەسلەپكى كېچىدە ھېيتكار مە-
ھەللىسىدىكى ھېيت ئاخۇن تاشچىنىڭ (قاشتېشى سودىگى-
رى ھەم زەرگەر) ئۆيىگە ماخوسەننىڭ ئۈچ ئادىمى بېسىپ
كىرىپ، قورال تەڭلەپ نەق بار بولغان
ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ يەنە قانائەت قىلماي ، ھېيت ئا-
خۇننى ئېسىپ قويۇپ يەنە ئالتۇن تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ.
ھېيت ئاخۇن ئالتۇنىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، بۇلاڭ-
چىلار ھېيت ئاخۇننى ئېسىپ قويغان يېرىدىلا ئېتىۋېتىدۇ.
بۇ پاجىئەنى ئاڭلىغان بايلار ۋە ھاللىق تۇرمۇش كەچۈ-
رىدىغان كىشىلەر ئۆي-ماكان، مال-مۈلكىنى تاشلاپ قول-
غا چىققاننى ئېلىپ، جان قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە
قاچىدۇ. مانا شۇنداق بۇلاڭچىلىق بولۇۋاتقاندا، يەنە ھە-
كىمە ئاخۇنلىرى كوچىلارغا چىقىپ، بەزى يامان غەرەزلىك
لۈكچەكلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك
يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۇقرالارنى

مەھەللىلەردە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئۆز-ئۆزىنى قوغداپ ھوشيار تۇرۇشقا چاقىردى. ئەمما ماخوسەن قوشۇنلىرى بولسا، ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئالدى. ھەتتا قېچىش جەريانىدا يولدا ئۇچرىغان، جاڭگالدا بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنىمۇ بۇلاپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ شەرققە قاراپ كېرىيە، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق يولى بىلەن چىڭخەي تەرەپكە قاچىدۇ. مەسىلەن: تۇرسۇن شاڭخەي دېگەن كىشى ئەينى ۋاقىتتا 15 ياشلاردا بولۇپ، چەرچەندە بىر باينىڭ قويىنى بېقىۋاتقاندا، بۇ يەردىن ئۆتكەن ماخوسەن ئەسكەرلىرى ئۇ بېقىۋاتقان 600 قوي بىلەن بىللە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭىدۇ. بۇ قويلارنى ئەسكەرلەر يول بويى يەپ تۈگىتىپ، تۇرسۇن ئاخىرىنى چىڭخەيگە ئاپىرىپ قويۇپ بېرىدۇ.

بۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئايروپىلانلار ھەر كۈنى خوتەن ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ، شەرق تەرەپكە ئۇچۇپ كېرىيە نىيە، چەرچەن يولىدا چۆللەردە كېتىۋاتقان قاچقۇن ماخوسەن ئەسكەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇپ، كەچتە قايتىپ كېتىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە قاچقۇنلار كۈندۈزى يول ماڭماي يوشۇرۇنۇپ يېتىپ كېچىسى قاچىدۇ. ئايروپىلانلار ئون نەچچە كۈن مانا شۇنداق قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. يۇرت ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ قالغانلارنى بولسا، شىڭ

ھۆكۈمىتى خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن يىل ئاخىرىغىچە تا-
زىلاپ بولىدۇ.

يېڭى ھۆكۈمەت كېلىدىكەن دېگەن خەۋەرتارقالغاندىن كېيىن، خەلق دىنىي مەھكىمە ئاخۇنلىرىنىڭ باشچىلىقىدا شورباغ يولىغا چىقىپ ھازىرقى مالىيە ــ سودا مەكتىپىنىڭ ئۇدۇلىغا قەدەر يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قارشى ئالىدۇ. (ئۇ مەزگىللەردە، دەريالاردا كۆۋرۈك بولمىغاچقا، كەلكۈن سۈيى يوق مەزگىل-لەردە قاتناش ئىشلىرى قاراقاش بىلەن ئايلىنىپ ماڭغاي ئۇدۇل يول بىلەن بولاتتى) ئەڭ ئالدىدا 20 تانكا، 40 زەرەھلىك ئاپتوموبىل (گاڭبەن چىچى) ئاندىن كېيىن ئا-دەتتىكى ئاپتوموبىللار كېلىدۇ. بۇ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى رۇس ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن ئاتلىق قىرغىز ئەسكەرلەر كېلىدۇ. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىرقى كوئىنلۇن سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قەدىمىي چوڭ مەيدان (سوچاڭ)غا چېدىر تىكىپ ئورۇنلىشىدۇ. مەۋلانوپ تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى قىرغىز پولكى بولسا، يىل ئاخىرى-دا (جەمئىيەت ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلانغاندىن كېيىن) ھازىرقى خوتەن ناھىيە ۋە شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئورنىدىكى خۇدابەردى ئەرمىنى دېگەن باينىڭ قورۇسىغا قايتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. كېيىن باشقا قىسىملار كېتى-

دۇ. يىزلار ماخوسەن ئەسكەرلىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەن، ۋە ئۆز-ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەڭچىلىك تەلەپ قىلغانلاردىن پەقەت پەيجاڭدىن يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلارنى ئېلىپ قې-لىپ، قالغانلارنى كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە بىر قۇردىن يېڭى كىيىم بېرىدۇ. ئېلىپ قال-غان پەيجاڭدىن يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلارنى بولسا ھەركۈ-نى قۇماتىنىڭ چۆلدە بېسىقتۇرىدۇ. شۇ چاغلاردا مەۋلانوپ تۇەنجاڭنىڭ قوشۇنىدا بەنجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر قارامايدا پېنسىيىگە چىققان بىر پېشقەدەم ئىشچى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەۋلان تۇەنجاڭنىڭ قوشۇنىدا بەن-جاڭ ئىدىم. ماخوسەن ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىشتا، ئۇلارنى ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغۇزۇپ چۆلدىكى قۇملۇققا ئېلىپ چىقات-تۇق. ئاندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ بويىنىدىن سىم بىلەن بىر-بىرىگە چېتىپ قوياتتۇق، ئۇلاردا ئوق ئىشلەتمەيلا چېتىلغان سىمنىڭ ئۇچىنى ئاپتوموبىلنىڭ توكىغا ئۇلايت-تۇق-دە، ھەممىنى بىراقلايوقىتاتتۇق».

شۇنداق قىلىپ 1937-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ماخوسەن قوشۇنلىرى تازىلىنىپ تۈگەيدۇ. 1938-يىلىدىن باشلاپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تە-سىس قىلىدۇ.

# 7

# خوتەننىڭ ئەدەبىي - سەنئەت تارىخى

نادىرخان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خوتەننىڭ ئەدەبىي-سەنئەت تارىخى

خوتەن خەلقى — ئەزەلدىن تارتىپ خۇشخۇي، چاقچاقچى بولۇپ، ئويۇن-تاماشاغا ئامراق، كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ياخشى كۆرىدىغان، سەنئەتسۆيەر خەلق. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى يەرلىك خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سازچى، ناخشىچى، قوشاقچى، لەتىپىچى، چاقچاقچىلار بىلەن داڭ چىقارغان. خوتەن — ھەر بىر ئەسىردە ئۆز قوينىدا ئەنە شۇنداق سەنئەت خۇمارلارنى يېتىشتۈرۈپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگەنگە شىپا، ئېغىر مېھنەتتە ئارام بېرىپ، زالىملارنى مەسخىرە قىلىپ، خەلقسۆيەر كىشىلەرنى مەدھىيىلەپ كەلگەن. شۇ كىشىلەردىن خەلق ئىچىدە ئابروي قازانغان، كىشىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغان پېشقەدەم سەنئەتكارلاردىن بىرنەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان داڭلىق «12 مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقاتقان. ئۇلارنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، شۇنداقلا خوتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

## 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شىڭشىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرگە قەدەر ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچىلار

1. قادىرىم: بۇ كىشى كېرىيەدىن بولۇپ، ساتار بىلەن مۇقام ئوقۇيدىغان مەشھۇر زات.

2. شېرىپ بەگ: بۇ كىشى ھەم كېرىيەدىن بولۇپ، داڭلىق مۇقامچى، داپ، دۇتار قاتارلىق سازلارغا ئۇستا.

3. تاراخۇن: بۇ زات ھەم كېرىيەدىن بولۇپ، ئۇستا ساتارچى، مۇقامچى.

1938-يىلى ھاكىم ئەمەتخان مەخسۇم خوتەن ۋىلايىتىدىن كېرىيەگە بارغان ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانائىي نەپىسە ئارتىسلىرى ۋە مۇزىكانتلىرىدىن يۇقىرىقى ئۇستازلار باشچىلىقىدىكى سەككىز نەپەر كىشىنى مۇقام چېلىپ بېرىشكە تەشكىللىگەن. نەق شۇ مەيداندا مەن (نادىرخان) بار ئىدىم. بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن مۇزىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، 12 مۇقامنى ئىنتايىن تەسىرلىك ئورۇنداپ بەرگەن.

4. سۇلايمان ئاخۇن: داڭلىق مۇقام ئۇستازى بولۇپ، چىرىيلىك. مەشھۇر قالۇنچى، ساتارچى ھەم مۇقامچى. شۇ چاغلاردا بۇ كىشىنىڭ يېشى 70 لەردە بولۇپ، ئۇستىسى ياركەنتلىك زاتكەن. بۇ ئۇستىنى ياقۇپ بەدۆلەت ئۆزبېكىستان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن ئۆزى ئىشلەپ كەلگەن ۋە يەكەندە مۇقام كۇرسى ئېچىپ، بۇ كۇرستا ئاقسۇ، كۇچار، قەشقەر، خوتەن، كېرىيە، چەرچەنلەر-دىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، شۇ زاتنى مۇقام ئۆگىتىشكە ئۇستاز قىلغان. بۇ زات داڭلىق قالۇنچى، ئۇستا مۇقامچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۆگەتكەن. ئۆگەنمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆك تاياقنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ياتقۇزۇپ قورساق قىسمىغا ئۇرىدىكەن. مۇشۇنداق ئۇرۇشتا ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار قورقۇپ، قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بۇ مۇقاملارنى ئىگىلىگەن. بۇ سۆزلەرنى ۋەقەلىكنى بىۋاسىتە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇستازىم سۇلايمان ئاخۇن ماڭا (نادىرخانغا) ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن.

سۇلايمان ئاخۇن ئۇستاز ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. 12 مۇقامنى تولۇق چېلىپ، خەلق ئوتتۇرىسىدا كۆپ ئابروي قازانغان. خوتەننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. سۇلايمان ئاخۇن ئۇستازنىڭ قالۇن بىلەن ئورۇنلىغان پەنجىگاھ مۇقامىنى تا ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئاڭلىتىدۇ.

5. بۇلبۇل ئاخۇن: خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسىدىن بولۇپ، مەشھۇر بالىمانچى ھەم سۇنايچى ئىدى.

6. توختاخۇن قالۇنچى: خوتەننىڭ شورلۇق يېزىسىدىن بولۇپ، قالۇن بىلەن مۇقام چېلىشتا داڭلىق كىشى بولغاچقا «قالۇنچى» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئىسمىغا ئايلانغان.

7. ساۋۇتخان: بۇ كىشى قاراقاشلىق ئاتاقلىق مۇقامچى ھاشىمھاجىمنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ھەرخىل سەنئەت تۈرلىرىدە كامالەتكە يەتكەن. ئۇستا سەردىكچى، داۋاز ۋە مەشھۇر ساتارچى.

8. ئايىمخان ھاجىم: بۇ زاتمۇ ھاشىم ھاجىمنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇپ. ئاياللار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تالانتلىق، كامالەتكە يەتكەن ئۇستا مۇقامچى ۋە ئۇستا تەمبۇرچى.

9. تۇرسۇن ئاخۇن سائەتچى: كېرىيەدىن بولۇپ، سائەتچىلىك ۋە مىس ياسايدىغان ھۈنىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇستا مەشھۇر مەشرەپ مۇقامچىسى ھەم تالانتلىق تەمبۇرچى ئىدى. خەلق ئىچىدە مەشرەپچى دەپ داڭ چىقارغان.

10-يۇسۇپ شاھ ئاكام— ئاتاقلىق مۇقام سۇنايچىسى بولۇپ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدىن.

1925-يىللىرى خوتەن كونا شەھەردە يىل- يىل دەپ ئاتىلىدىغان 20مېتر ئېگىزلىكتە ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ مۇنار بار ئىدى. بۇ كىشى مانا مۇشۇ ياغاچ مۇنار ئۈستىدە رامىزان كۈنلىرى بىر ئاي سەھەردە زوھورغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كەچتە ئىپتارغا سۇناي چېلىپ مۇشاۋرەك بىلەن ئۆزھال مۇقامىنى ئورۇنلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت كىشى سەككىز ناغرا چالاتتى. بىر چوڭ بوم ناغرىنى بىركىشى چالاتتى. سۇناي باشلامچى بولۇپ مۇقامنى باشلىسا، باشقىلار تەڭكەش بولاتتى. يەنە بۇلارغا ئىككى چوڭ مىس كاناي قوشۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە خوتەن شەھىرىنى داغدۇغا قاپلاپ، كىشىلەرنى خۇشاللىققا چۆمدۈرەتتى. بۇ كىشىلەرنى مەن (نادىرخان) ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەم تونۇيمەن.

خوتەندە شۇ زامانلاردا بار بولغان سازلار ۋە يۇقىرىقى مۇقامچى ئۇستازلارنىڭ چالغان سازلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەشتەر — بىر ساتاردىن بۇرۇنقى ساز بولۇپ، ساتاردىن قىسقا، كىچىك يەتتە سىملىق قەدىمي ساز.

2. ساتار — ھەشتەردىن كېيىن ياسالغان ساز بولۇپ، ھەشتەرنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى، 12سىملىق ساز.

3. تەمبۇر — بەش سىملىق ساز بولۇپ. بۇنى «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتابتا 17ئۇستازنىڭ بىرسى بولغان سۇلتان شەيخى بەسرى دېگەن كىشى ئىجاد قىلغان دەپ سۆزلەيدۇ. سۇلتانى شەيخى بەسرى — بەسرىلىك زات بولۇپ، تەمبۇرنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ، كابۇلدىكى شاھلار بەزمىسىدە «چۆل ئىراق» مۇقامىغا چالىدۇ. سازنىڭ كى-

شىنى مەس قىلىدىغان يېقىملىق ئاۋازىدىن تەسىرلەنگەن بۇلبۇل ئۆزىنى تەمبۇرنىڭ دەستىمىسىگە ئۇرۇپ ئۆلىدۇ. بۇ زاتىنىڭ ئالدىدا بۇلبۇلنىڭ ئۆلىكى چۈشكەندە ئۆزىمۇ بىھوش بولۇپ، شۇ بىھوشلۇقتا ئالەمدىن ئۆتىدۇ دېيىلىدۇ.

4. باليمان — بىر، قومۇش پەپى بولۇپ، نەيدىن بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان.

5. نەي — ئەرەپچە «باياەدەك» دېيىلىدۇ.

6. سۇناي — ئەڭ بۇرۇنقى جەڭ مەيدانلىرىدا ئىشلەتكەن قەدىمىي مۇزىكا.

7. قالۇن — كۆپ سىملىق ساز.

8. چاڭ — قالۇندىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

9. دۇتار — بۇ پارسچە «ئىككى تارلىق ساز» دېگەن سۆز.

10. غىجەك — بۇمۇ ساتاردىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

11. راۋاپ — قەدىمىي قويچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن تەرەققىي قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. راۋاپ ئۈچ خىل بولىدۇ: ئۆزبېك راۋاپ، مەللىي راۋاپ، قويچى راۋاپ.

12. ساپايى —

13. خۇشتار — بىر ساز ساتارنىڭ ئۆزگەرمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

14. داپ — داپمۇ ئۈچكە بۆلىنىدۇ: ①مۇزىكا ۋەداپ ئۇسسۇل دېپى، ②مەللىي كىچىك داپ، ③ پەرىخونلارنىڭ چوڭ دېپى.

15. قوشۇق — جۈپ ياغاچ قوشۇق بولۇپ، قەدىمىي سازلار ئىچىدە بار.

16. ناغرا — ئۇيغۇرخەلقىنىڭ جەڭلەردە، ھېيت، باي-راملاردا، توي- تۆكۈنلەردە، سەنئەت ئىشلىرىدا چالىدى-غان مەللىي مۇزىكىلىرىنىڭ بىرى.

17. چوڭ مىس كاناي — بۇ قەدىمىي ساز بولۇپ، جەڭ مەيدانلىرىدا، ھېيت كۈنلىرىدە، رامىزان كۈنلىرىدە سۇ-ناي، ناغرا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چېلىپ ھەشەمەت پەيدا قىلاتتى.

1937-يىلغىچە خوتەندە ئويۇنلىپ كەلگەن ئۇيغۇرخەلق ئويۇنلىرىدىن تۆۋەندىكى بىر نەچچەسىنى تىپىك قىلىپ كۆرسىتىمىز:

1. قىرىق بىر ياغان.
2. ئەمەت بىلەن نەمەت (چېلىشىش ئويۇنى). بۇنىڭ-دا بىر ئادەم ئىككى كىشىنىڭ شەكلىدە كىيىم كىيىپ چېلىشىدۇ.
3. ئوغۇل بالا چاققان. بۇ ئويۇندا ئىككى كىشى جۈپ ئول-تۇرۇپ بىرسى سۆزلەيدۇ، بىرسى ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

4. چىلىم ئۇسسۇلى. بۇ ئۇسسۇل چوڭ ئولتۇرۇشلاردا ئوينىلىدۇ. ئاساسەن قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرسىگە نەزمە بىلەن تېز تېز شۇپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇلا يېزىسىدا كۆپ ئوينالغان.

5. تۇغۇت ئۇسسۇلى.

6. بوۋا ئۇسسۇلى.

7. چىراغ ئۇسسۇلى.

8. توكۇر باخشىم ئۇسسۇلى — بۇ داڭلىق ئۇسسۇل بولۇپ، ئىنتايىن قىزىقارلىق. بەزى كىشىلەر دەپ يۈرىدىغان «توكۇرغا ئۇسسۇلنىڭ نېمە ئىشى» دېگەن سۆزگە رەددىيە بېرىدۇ. قىزىقارلىق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، خۇشاللىق، كۈلكە بېغىشلايدۇ.

9. داستىخان ئەھۋالىدىن ھۆكۈم، (ئوچاق مەملىكەتىدىن پېشقان تاماقلار) كۈلكىلىك ئوخشىتىشلار، قىزىق لەتىپىلەر ئارقىلىق داستىخان مەيدانىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىپ كىشىلەرگە شاتلىق بېغىشلايدۇ.

10. قوناق ئاقلاشتىكى چۆچەك ۋە ھېكايىلەر.

11. تىيىپ پادىشاھ ھېكايىلىرى.

12. قويچى قوشاقلىرى

13. پىيالە ئۇسسۇلى.

14. تەخسە ئۇسسۇلى.

ئۇنىڭدىن باشقا ۋاتەرۋات، ئالالمىدى ھەـھە قاتار-لىق ئويۇنلارنىمۇ ئوينىغان. يۇقارقى ئويۇنلار تارىختىن بۇيان خەلق ئىچىدە كۆچمە ئويۇن بولۇپ تارقىلىپ، تا ھازىرغىچە ئوينىلىپ كەلمەكتە.

## 1938-يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان سا-نايى نەپىسەنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا

1937-يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇ-رۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تەركىبىدە تەشۋىقات بۆلۈمى بولغان. بۇ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە 1938-يىلى ھازىرقى چايخانا مەكتەپ ئورنىدا سانايى نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلغان. بۇ ئۆمەكتە تۆت مۇ-زىكانت بولۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن مائاش ئۈچۈن بۇغداي بېرىلەتتى. باشقا ئونبەشتەك كىشىنى يال-لاپ ئىشلىتىپ، ئۇلارغا ئويۇن قويغاندا چىققان پۇلدىن پىرسەنت بويىچە ئىش ھەققى بېرەتتى. سانايى نەفىسەنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى قەمبەرجان بولۇپ، تاشكەنتتىن، ئۆزى ئۇستا ناخشىچى ئىدى. مۇزىكانتلاردىن تالىپ ئاخۇن ئۆزى قەشقەرلىك بولۇپ، ئۇستا ئىسكىرىپكىچى ئىدى. ئابدۇ-رېھىم لەتىپ قەشقەردىن بولۇپ، ئۇ كىشىمۇ ئىسكىرىپكا

چالاتتى.

③ ئابلىز— قەشقەردىن بولۇپ، چاقچى ئىدى.

④ ئوبۇل— قەشقەردىن بولۇپ، نەيچى ئىدى.

⑤ مەن— نادىرخان خوتەندىن بولۇپ، داپچى ئىدىم.

شۇ چاغدىكى ئارتىسلاردىن:

1. قەمەرجان، ②جورئۇاي، (تاشكەنتتىن كەلگەن ئۆزبېك)؛ ③ئابلىز ھاجى (قەشقەرلىك ناخشىچى) ④زىيائىدىن ئۆزبېك ناخشىچى. ⑤ئابدۇرۇپ— ئۆزبېك ئارتىس، ⑥ روزى قارى، ئۇيغۇر، قەشقەردىن، ئارتىس، ⑦ماخمۇتجان ئۆزبېك رەسسام.

يۇقارقىلار ياللانغان ئارتىسلار بولۇپ، جەمئىي 20كىشىدىن تەركىب تاپقان سانايى نەفىسە گۇرۇپپىسى خوتەن خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرغان. ئۇلار تۇنجى بولۇپ «ئايخان» دراممىسىنى ئوينىغان. بۇنىڭ دىكراتسىيەلىرىنى قەشقەرزادە سىزدۇرۇپ كېلىپ، ھازىرقى چايخانا مەكتەپ ئورنىدىكى باغدا ئوينىغان. شۇ ئويۇنغا قاتناشقانلاردىن ھازىر خوتەندە بار كىشىلەر زىيائىدىن ۋە مەن (نادىرخان) بار.

خوتەندە تۇنجى قېتىم مۇزىكا كۇرژۇكىنىڭ ئېچىلىشى

1940-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە

چايخانا مەكتەپتە مۇزىكا كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تاشكەنتلىك ھاجى مۇھەممەت دېگەن كىشىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ كىشى شۇ چاغلاردا خوتەن جەڭگىچۈينىڭ كويەنى ئىدى. كۇرسقا ئون ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كۇرسنىڭ مەسئۇللۇقىغا مەن (نادىرخان) تەيىنلەندىم. كۇرس ۋاقتى ئۈچ ئاي بولۇپ، ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

① ئىسكىرىپكا دەرسى. ھاجى مۇھەممەت ئۆتكەن. مەن (نادىرخان) بىلەن ھوشۇرئەيسا ئۆگەنگەن.

② نەي — دىمىن ئىمىن. (خوتەندىن) ئۆگەنگەن.

③ چاڭ — ماخمۇتجان. (قاغىلىقتىن) ئۆگەنگەن.

④ تەمبۇر — تۇرسۇن توختى. (خوتەندىن) ئۆگەنگەن.

⑤ داپ — ئابدۇقادىر غوجى (خوتەندىن) ئۆگەنگەن.

ھەممىسىنى ھاجى مۇھەممەت ئۆگەتكەن.

ئۈچ ئاي توشقاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان يۇقىرىقى بەش كىشى تاللاپ ئېلىندى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما سانايى نەفىسەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇ چاغلاردا مەن چايخانا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. كۈندۈزى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلسام، كەچتە مۇزىكا كۇرسىدا ئوقۇغۇچى بولدۇم.

1941-يىلدىن تارتىپ خوتەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىسە تەرىپىدىن سەھنىدە بەزى دراما، ئوپېرا ۋە كومېدىيەلەر ئوينالدى. بۇ ئويۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1-چىمەنگۈل ئوپېراسى چايخانا مەكتەپ كۇلۇبىدا ئوينالغان.

2- قانلىق داغ ئوپېراسى، بۇمۇ چايخانا مەكتەپ كۇلۇبىدا ئوينالغان.

3-رابىيە-سەئىدىن ئوپېراسى، 1943-يىلى خوتەن كۇلۇبىدا ئوينالغان.

1943-يىلى خوتەن قورچاق جەڭساجۇي ئۆز ئالدىغا سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسىنى جەڭساجۇيدە ئويندى. ئۇندىن باشقا جەڭساجۇي سەنئەت گۇرۇپپىسى 1944-يىلى «لەيلى-مەجنۇن» ئوپېراسىنى ۋە «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسىنى خوتەن خەلق كۇلۇبىدا ۋە قاراقاشتا ئوينىغان. 1945-يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىسە «پەرھاد-شىرىن» نى تەييارلاپ، خەلق كۇلۇبىدا ئوينىغان. يەنە «تاھىر-زوھرا»، «ھارۋا باسقان» قاتارلىقلارنى، 1946-يىلى «ئارشىن مال ئالان»، «ئوينىغاننىڭ دەردى شۇ»، «سامساق ئاكام قاينايدۇ» قاتارلىقلارنى ئويناپ، خوتەن خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولغان ۋە خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغان.

ئۇيغۇر كىتابلار بىلىكى
www.uyghurkitap.com

1943-يىلى خوتەن قورچاق جەڭساجۇي ئۆز ئالدىغا سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بۇنىڭدا ئەيىۋەك باشچىلىقىدىكى بىر قانچە ئارتىس ۋە ئارتىسكىلارنى، مۇزىكانتلارنى، ھاۋيەنلەرنى قاتناشتۇردى. ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى كويەنلەر. مۇزىكانتلار غۇلجا، قەشقەردىن كەلگەن كويەنلەر بولۇپ، ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى ۋە ناخشىچىلار كويەن ۋە باشلىقلارنىڭ ئاياللىرى ئىدى.

رېژىسسور — نۇرزات بولۇپ، خوتەن دوختۇرخانىدىن ئىدى. ئۆزى ئۇستا ئىسكىرىپكىچى. مۇزىكانتلار نۇرزات ئىسكىرىپكىچى، مەن (نادىرخان) ساز باشلىقى، ئىسكىرىپكىچى ئىدىم. غۇلجا، قەشقەردىن كەلگەن ئالتە كويەن چاڭچى، تەمبۇرچى، دۇتار، داپچى ئىدى. شۇ چاغدا دەسلەپتە ئۇلار «غېرىپ-سەنەم» نى ئوينىغان. روللاردا:

سەنەم — ھاۋا ساقى، ئەيىۋگىنىڭ ئايالى.

غېرىپ — ئابلىمىت، سوجاڭ.

شاھى ئابباس — ئابدۇرېھىم، سوجاڭ (قەشقەردىن).

ئاغچى ئانا — ھەدىيە ماھۇت، تۇرسۇن قادىر ئايالى.

ئابدۇللا شاتىرى — تۇرسۇن قادىر، كۇچاردىن، سوجاڭ.

باش كېنىزەك — ساڭخان، كويەن، تەرجىمانىنىڭ ئا-

يالى.

گۈلچېھرى — ئەنبەرنىسا، قەشقەرلىك كويەندىڭ ئا-
يالى.

دىكراتۇر — چىلىك جوگىيەن، نادىرخان.

چىراغچى — چىلىك جوگىيەن.

1942-يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر ئويۇشما سانايى نەفە-
سە تەرەققىي تاپىپ ئارتىس، ئارتىسكىلارنىڭ سەۋىيەسىمۇ
زور دەرىجىدە ئۆستى. بولۇپمۇ داڭلىق خەلق قىزىقچىسى،
مەشھۇر ئارتىس ئەمەت ئۆمەر ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىن-
نى پۈتتۈرۈپ خوتەنگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن
كېيىن، خوتەننىڭ سەنئەت ئىشلىرى جانلىنىپ، خەلقنىڭ
مەدەنىي تۇرمۇشى تېخىمۇ بېيىدى. 1942-يىلدىن كېيىن
سانايى نەفىسە باشلىقى ئەمەت ئۆمەر بولدى. ئابدۇ-
قادىر تۇردى ھاجىم تەشۋىقات مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە
ئۆتىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇزىكانتلاردىن مەن (نادىرخان)
ھوشۇر ئەيسا، مەتروزى مۇسا، ئابدىقادىر روزى (نەيچى،
چىردىيىدىن)، مەخمۇتجان (چاكچى، قاغىلىقتىن) ئابدىقادىر
غوجا (داپچى، خوتەندىن)، تۇرسۇنتوختى (تەمبۇرچى)
قاتارلىقلار بار ئىدى. ئارتىسلاردىن:

ھاۋاخان (ھوشۇرنىياز شياۋجاڭنىڭ ئايالى، ئۈر-
ۈمچىدىن.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەيسا ياسىن (كورلىدىن بولۇپ، تاھىر رولىنى ئال-
غان.)

ساھىپجامالخان (خوتەندىن بولۇپ، 1946-يىلدىن
باشلاپ شىرىن رولىنى ئالغان.)

تۇنىساخان. ئارتىسكا، ئۇسسۇلچى.

خەيرىنىساخان " "

ھەبىبىخان " "

پاتەم باقى " " يۇقىرىقى ئارتىسلار ھەر خىل
توسالغۇلارنى يېڭىپ، كۈرەش جەريانىدا ئالغا باستى.

بەزى مەشھۇر بولغان ئارتىسلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئەھمەت ئۆمەر توغرىسىدا:

ئەھمەت ئۆمەر قەشقەر كونا شەھەر قوغاندىن بولۇپ، دادىسى ئۆمەر، ئاخۇن خەلپىتىم بالىلارغا دىنىي ئىلىم ئۆگىتىش بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئەھمەت ئۆمەرمۇ دەسلەپتە دادىسىغا ھەمكارلىشىپ خەلپەتلىك قىلغان. كېيىن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ ئۈچ يىل ئوقۇغان. ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن 1939-يىلى 9-ئايدا خوتەن باشلانغۇچ مەكتەپكە (ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى) ئوقۇتقۇچى بولغان. 1943-يىلدىن 1947-يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىسە مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەريانىدا ئەھمەت ئۆمەر

ئۆزىنىڭ رول ئېلىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرسا، ئۆزىنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرىدە-كى تىلىرى بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قامچىلاپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. مەسىلەن: ئەمەت ئۆمەر سانايى نەفىسەنى باشقۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار تۈزۈلگەن سەھنە ئەسەرلىرىدە باش رول ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايەن قىلدى. يەنى «شاگخەي كېچىسى» دراممىدا ياپون قوماندانىنىڭ رولىنى، «پەرھات-شىرىن»دا پادىشاھ رولىنى، «قانلىق داغ»دا لوزۇڭ رولىنى، «غېرىپ-سەنەم»دە جۇنەيدىل باغدات رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان.

ئەمەت ئۆمەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋېتىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئېلىنغان ئەسەرنى سەھنىلەشتۈرۈپ، ئۆزى ياپون ئوفىتسېرىنىڭ رولىنى ئېلىپ كىرىدم قىلغان. دەل شۇ چاغدا ئويۇندا ئىشلەتكىلى رەسمىي مىلتىق لازىم بولۇپ قېلىپ، ئەمەت ئۆمەر ۋەلىسىپىت مىنىپ بېرىپ گۇڭئەنجۈيدىن ئەكەلمەكچى بولغان. ئۇ گۇڭئەنجۈيگە كىرگەندە، پوستتىكى ئەسكەرلەر بىر ھەيۋەتلىك ياپون ئوفىتسېرىنى كۆرۈپ دەرھال دىققەتتە تۇرۇپ چاس بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن. ئۇ گۇڭئەنجۈي باشلىقى ئەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇگغا: «سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلار دوست-دۈشمەننى بىلمەيدىكەن. ماڭا قاراپلا ياپون ئوفىتسېرى كەپتۇ دەپ چاس بەردى. سىلەرنىڭ تەربىيىلىگەن ئەسكەرلىرىڭلار شۇمۇ» دەپ زاڭلىق قىلغان. يەنە بىر كۈنى 38-تۈەن (شىگېنىڭ خوتەندىكى پولكى) نىڭ بىر ئۇيغۇر ئەسكىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا ئىشلەيدىغان بىر كىچىك كاتىپ بالىنى پۇلۇمنى بەرمىدىڭ دەپ ئۇرۇۋاتقاندا، ئەمەت ئۆمەر كېلىپ قالىدۇ ۋە دەرغەزەپ بولۇپ بۇ ئەسكەرنى راسا دۇمبالايدۇ ۋە يەنە «بۇندىن كېيىن مۇشۇ بالىدا قىمار ئويناپ ئۇتتۇۋالغان پۇلۇم بار دەپ ئېغىزىڭدىن چىقىرىدىكەنسەن، مېنىڭ تايىقىمدىن قۇتۇلالمايسەن» دەپ قورقۇتقان. ئەتىسى قولىنى خام بىلەن شىرداپ تېڭىپ 38-تۈەننىڭ تۈەنجاڭىغا «سىزنىڭ بىر ئەسكىرىڭىز بىر كىچىك بالىنى قىمـاردا ئۇتتۇۋالغان پۇلۇمنى بەرمىدىڭ دەپ ئۇرۇۋاتقان ئىكەن، ئاجرىتىپ قوياي دەپ بارسام، مېنىمۇ ئۇرۇپ قولـۇمنى سۇندۇرىۋەتتى» دەپ ئەرز قىلىدۇ ۋە يالغان سـۇنۇقنى تۈەنجاڭغا كۆرسىتىدۇ. تۈەنجاڭ شۇ ئەسكەرنى تونۇمسەن دەپ سورىغاندا، تونۇيمەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تۈەنجاڭ ھەممە ئەسكەرلەرنى سەپ قىلىپ شۇ ئەسكەرنى تاپقىن دەيدۇ. ئەمەت ئۆمەر ئەسكەرلەر ئىچىدىن ئالدىنقى كۈنى ئۆزى ئۇرغان ئەسكەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلـەن

ئەسكەرلەرنىڭ مەن ئۇنى ئۇرمىدىم، ئۇ مېنى ئۇردى دې-
گىنىگە قارىماي، ياتقۇزۇپ 50 كالتەك ئۇرىدۇ. شۇنداق
قىلىپ دېلىقى كىچىك بالىنىڭ ئەتىنى ئەنە شۇنداق
ئېلىپ بېرىدۇ.

## نادىرخان توغرىسىدا

نادىرخان 1923-يىلى خوتەن شەھرىدە مىللىي تىبا-
بەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى ئاب-
دۇۋېلى ھاجىم ھاياتىنى تىۋىپلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

نادىرخان 1938-يىلغىچە دىنىي مەكتەپ ۋە باشلان-
غۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1939-يىلى خوتەن دارىلمۇئەللى-
مىندە بىر يىل ئوقۇپ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، چايخانا مەك-
تەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1941-يىلى خوتەندە ئېچىلغان
تۇنجى مۇزىكا كۇرژىكىنىڭ مۇدىرى ھەم ئوقۇغۇچىسى
بولۇپ، ئۈچ ئايلىق مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرژىكىنى ئەلا
دەرىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ۋىلايەتلىك سانايى نەفىسەنىڭ مۇ-
زىكانتى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە قوشۇمچە تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1945-يىلغىچە
مۇزىكانت، كاتىپ بولغاندىن باشقا، ئۆلكىلىك سانائەت
مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆ-
تىگەن. 1945-يىلدىن كېيىن يەنە چايخانا مەكتەپتە ئو-

قۇتقۇچىلىق قىلغان. 1947-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرى ئىمتىھان بېرىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا بارغان. شىنجاڭ داشۆدە ئىككى يېرىم يىل ئوقۇپ بولغاندا، ئانىسىنىڭ كېسەلى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى تۈگەتمەيلا قايتىپ كېلىپ ،مانايى نەفسەدە ئىشلىگەن.

# 8

# خوتەندە پەيدا بولغان يېڭى شەي-
# ئىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە

مەمتىمىن توختى

## سىز بىلەمسىز؟

ئالدى بىلەن شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتىمەنكى، ھازىرقى كۈندە خوتەن رايونىدىكى ئاممىنىڭ ھېسسىياتىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم شەيئىلەر خوتەن رايونىدا يېڭىلىق بولۇپ، پەيدا بولغىنىغا يېرىم ئەسىر بولغان. جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ بىر قىسىم يېڭى شەيئىلەرنىڭ خوتەندە پەيدا بولغانلىقىغا قارىتا كىشىلەر ھەر خىل ھېسسىياتلاردا بولماقتا. مەسىلەن: 50 ياشتىن تۆۋەن كۆپ ساندىكى كىشىلەر خوتەن رايونىدىكى بۇ خىل شەيئىلەرنى «بۇلار ئەزەلدىن تارتىپ مەۋجۇت» دەپ قاراشسا، بەزى پېشقەدەم كىشىلەر بۇلارنىڭ تارىخىنى بەك يېقىن ياكى بەك يىراق مۆلچەرلىمەكتە. مۇشۇ سەۋەبلەر بىلەن بەزى ئورۇنلاردا ئەمەلىي تارىخ بىلەن كونكرېت ھېسابلاشمايلا «50 يىللىق خاتىرىلەش» ئۆتكۈزمەكتە. يەنە بەزى ژۇرناللاردىمۇ ۋاقىت، ئورۇن، ئادەم قاتارلىق كونكرېتنى مەسىلىلەرنى يەڭگۈش ئوتتۇرىغا قويۇپ ماقالە ئېلان قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن:

## بىلىۋېلىڭ!

1. ۋېلىسىپىت: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1932-يىلى سىدىقخان دېگەن كىشى (ئەنگلىيە پۇقراسى) ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن بىر دانە ۋېلىسىپىتنى ئۆزى شەخسى ئېلىپ كېلىپ ئىشلەتكەن.

2. ئاپتوموبىل: خوتەنگە تۇنجى قېتىم 1935-يىلى ياز مەزگىلىدە ماخوسەننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن توّت نەپەر ئىنژېنېر (روس) شەنبە كۈنلۈكتە (خوتەندە كونا شەھەر شەنبە كۈندە بازاربولاتتى) «ئورال» ماركىلىق بىر دانە يۈك ئاپتوموبىل بىلەن كەلگەن. بۇ ئاپتوموبىل كېرىيە، نىيەلەرگىچە بارغان.

3. كىنو: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1935-يىلى خوتەنگە كەلگەن يۇقىرىقى توّت نەپەر ئىنژېنېر «چاپايېف»، «گىرانشىتات» دېگەن ئىككى كىنو فىلىمىنى ئېلىپ كېلىپ، خوتەن، كېرىيە، نىيىلاردا بىلەتسىز قويۇپ بەرگەن.

4. سىمسىز تېلېگراف: 1935-يىلى يۇقىرىقى سوۋېت ئىنژېنېرلىرى خوتەندە تۇنجى قېتىم سىمسىز تېلېگراف ئىشلەتكەن ھەم سىمسىز تېلېگراف ئۆگىنىش سىنىپى ئېچىپ، بىر مەزگىل دەرس ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقارمايلا قايتىپ كەتكەن.

5-ئايروپىلان: خوتەنگە تۇنجى قېتىم 1936-يىلى 8-

ئايلاردا گېرمانىيىنىڭ ئۈچ ماتورلۇق بىردانە ئايروپىلانى كەلگەن بولۇپ، بۇ ئايروپىلان خوتەن ھاۋا بوشلۇقىدا غەرب تەرەپتىن پەيدا بولۇپ كىرىپ، شەرق تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى كەڭشۇۋە دېگەن جايغا قونغاندىن كېيىن، ماخوسەن قوشۇنلىرى قورشاپ تۇتۇۋېلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن.

6. تانكا: خوتەنگە 1937-يىلى 10-ئاينىڭ باشلىرىدا ماخوسەن قوشۇنلىرىنى خوتەن رايونىدىن يوقىتىش ئۈچۈن شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن رۇس ۋە قىرغىز قوشۇنلار 20دانە تانكا، 40دانە زەرەھلى ئاپتوموبىل (گاڭبەن ماشىنا — بىرونىۋىك ئاپتوموبىل) ئېلىپ كەلگەن. (ئاپتوموبىل ۋە ئاتلىق قوشۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا) يەنە ئۈچ ئايروپىلانمۇ كەلگەن بولۇپ، ھاۋا قاتناش ئىشلىرى شۇ كۈندىن تارتىپ باشلانغان.

7. خوتەن ۋىلايىتى: خوتەن رايونى 1924-يىلى ۋىلايەت بولغان. خوتەن 1924-يىلدىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە ئىدى. قاراقاش ناھىيىسىمۇ 1920-يىلغا قەدەر خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق بەگلىك رايون بولۇپ، 1920-يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغان. خوتەننىڭ ۋىلايەت بولۇش جەريانى مۇنداق: قەشقەرگە ئون نەچچە يىل

ھەربىي   ھەمرىيى پاشالىق بولغان داتمتەي (ماخۇشاڭ-خايزۇ) جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ ئۆلكە رەھبەرلىكىگە بوي سۇنمىغانچقا، ئۆلكە باشلىقى ياڭزېڭشىنىڭ ئۇرچۇتۇرپانىنىڭ ئامبىلى (ھاكىمى) ماشۇۋۇنىڭ ماتمتەي بىلەن بولغان زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى قوشۇن تۇپلاپ ماتمتەينى يوقىتىشقا بۇيرۇيدۇ. 1924-يىلى 5-ئايلاردا ماشۇۋۇ قەشقەرگە كېلىپ ماتمتەينى يوقىتىدۇ. ياڭزېڭشىنىڭ ئۆز ۋەدىسى بويىچە ماتمتەينىڭ بۇ ئالاھىدە خىزمىتى ئۈچۈن دوتەي (ۋالىيلىق)لىك مەنسەپ بېرىپ، خوتەن رايونىنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئايرىپ ئايرىم ۋىلايەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماشۇۋۇ خوتەنىنىڭ تۇنجى ۋالىيسى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ (1932-يىلدىن بۇرۇن) خوتەن رايونىدا دوتەي (ۋالىي ئامبال (ھاكىم)، تۇڭلىڭ (تۈمەن دەرىجىلىك ھەربىي)، باجخانا، پوچتىخانا قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ئىدارە-جەمئىيەتلەر يوق ئىدى.
1932-يىلى 2-ئايدىن 1937-يىلى 10-ئايغا قەدەر ئالتە يىل جەريانىدىكى ئىسلام قوزغىلىڭى ۋە ماخۇسەن قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت يەرلىك توپىلاڭچىلىقتىن كېيىن، خوتەن رايونىنى شىڭشىسەي ھاكىمىيىتى ئىشغال قىلىپ شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلىدى.

1938ـ يىلى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى ئورگان، يېڭى شەيئىلەر پەيدىنـــپەي مەيدانغا كەلدى.

8. ساقچى ئىدارىسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئورنى: ھازىرقى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىناسى ئورنىدىكى مەمەتسىدىق ھاجى، ئەمەت ھاجى قاتارلــىق كىشىلەرنىڭ قورووسىدا بولغان. دەسلەپكى باشلىقى ما××جۇيـ جاڭ (خەنزۇ) ئىدى.

9. سوت مەھكىمىسى: (فايۈەن): 1938ـ يىلىنىڭ باشلىـ رىدا خوتەندە تۇنجى قېتىم ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغان. ئورنى: يۈسۈپ بەگ ھاجىنىڭ ھويلىسىدا بوـ لۇپ، ھازىرقى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقاتەـ رىپىگە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپكى باشلىقى: چېڭ زۇڭجى يۈەنـ جاڭ (خەنزۇ) ئىدى.

10. مائارىپ ئىدارىسى: 1938ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۇنجى قېتىم ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئورـ نى گۈجان دەرۋازىسىدىكى پاۋۇر ئاخۇن شاڭزۇڭنىڭ قوـ روسىدا ئىدى. باشلىقى سۈيجاۋتەي (خـــەنزۇ) ئىدى. 1939ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ماجاۋسۇڭ (ئازادلىقتىن كېـــيىن خوتەنگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان) مائارىپ مۇپەتتىش (دۇـ شۇ) بولۇپ كەلگەن.

11. بانكا: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938-يىلىنىڭ باشلى-
رىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك
شۆبىسى قۇرۇلدى. دەسلەپكى جەڭلىسى لىيۇرۇڭتەن ئىدى.
ئورنى: ھازىرقى ناھىيىلىك يېزا- جەك كارخانىلىرى
ماگىزىنى بولغان ئورۇن ئىدى. 1939-يىلى خەلقتىن پاي
توپلاپ (بىر پاي 50 يۈەن ئىدى. پۇلنىڭ قىممىتى-بىر
نان بەش فۇڭ ئىدى) خوتەن سودا-تىجارەت بانكىسىغا
ئۆزگەرتىلگەن. 1943-يىلى كېرىيىدە، 1944-يىلى گۇمانا-
ھىيىسىدە قۇرۇلغان بولۇپ، 1950-يىلى باشقا ناھىيىلەردە
قۇرۇلغان.

12. يەرلىك ماللار شىركىتى (تۇسەن گۇڭسى): 1938-
يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم يەرلىك ماللار شىركىتى قۇ-
رۇلغان بولۇپ، ئورنى: ھازىرقى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارى-
سىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى. دەسلەپكى باشلىقى: يۈي
× × جەڭلى (خەنزۇ) ئىدى.

13-سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (گۇڭشاڭلىەنخېي):
1938-يىلى تۇنجى قېتىم خوتەندە ناھىيىلىك سودا-سانا-
ئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى باش-
لىقى ھەسەن ئاخۇن خۇيجاڭ (خۇيزۇ) ئىدى. ئورنى: ھا-
زىرقى جىڭ مېھمانخانىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ھەسەن خۇي-
جاڭنىڭ قورۇسىدا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

14. تەمىرات ئىدارىسى (جەنشىجۈي): خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلى ۋىلايەتلىك تەمىرات ئىدارىسى (جەنشىجۈي) قۇرۇلدى. ئورنى: يورۇڭقاش. ئابلاجان قارىنىڭ هويلىلىرىدا بولۇپ، دەسلەپكى باشلىقى جاڭجۈنمىن (خەنزۇ) ئىدى. باشقۇرىدىغان كەسپى: دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، يىپەك- ئۈجمىچىلىك قاتارلىقلار ئىدى.

15. هاۋا رايى ئىستانسىسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1939- يىلى هاۋا رايى ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئورنى: شورباغدىكى ئايرودرومدا ئىدى. تېخنىكلىرى: ۋاڭجىڭنۇ (خەنزۇ)، ئابلەهەتلەر ئىدى.

16. دوختۇرخانا: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇلغان. ئورنى: ئالتۇندىكى مەدرىسىدە (هازىرقى سىياسىي مەكتەپ ئورنىدا) بولۇپ، دەسلەپكى باشلىقى لى XX يۈەنجاڭ. كېيىن جاڭ شىڭلىيا (هەر ئىككىسى خەنزۇ) ئىدى. 1940- يىلى هازىرقى بىناغا كۆچكەن. دەسلەپكى دوختۇرلىرى: سوۋېتلىك كالانوۋىچ، سوفىيە (ئايال) ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى يېتىشتۈرۈلگەن دوختۇرلار: ئابدۇقادىر ئاخۇن، قاسىم ئاخۇنلار ئىدى.

17. مال دوختۇرخانىسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938-

يىلى ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسى قۇرۇلغان. ئورنى: خەلىپىلىك ھويلىدىكى مەمتىمىن مۇپتى( ۋالىي ھەزرىتىم) نىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، ھازىرقى دېھقانچىلىق ئورنىدا. دەسلەپكى باشلىقى ھوشۇر ئەپەندىم. دوختۇرلار: ئىمىن-جان، ئايۇپ قۇربان، سەمەت پەيزۇللاقاتارلىقلار ئىدى. 1941-يىلى كونا شەھەردىكى سىدىقخاننىڭ ھويلىسىغا يۆت-كەلگەن.

18. خوتەن گېزىتى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938-يى-لى كۈزدە ھەپتىدە بىر «خوتەن خەۋىرى» گېزىتى شا-پىڭگرافتا بېسىپ چىقىرىلغان. ئورنى: كونا شەھەر قا-راڭغۇ كوچىدىكى قۇربانىياز ھاجىمنىڭ ھويلىسىدا بو-لۇپ، باشلىقى ئۇشەندا (خەنزۇ) ئىدى. دەسلەپكى باس-مىخانىدا ئىشلىگۈچىلەر: ئىمىن ئاخۇن بۇلبۇل، جۇسىڭ-گۈي (خەنزۇ ) قاتارلىقلار ئىدى. 1940-يىلى ھاجى ياقۇپ مىخ مەتبە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەپتىدە ئىككى قېتىم چىقىرىلىدىغان بولغان. 1940-يىلدىكى ئورنى: چوڭ جا-مەنىڭ يان ئىشىكى تەرىپىدىكى غوپۇرجان ھاجىمنىڭ ھوي-لىسىدا ئىدى. باشلىقى ( شېجاڭ ) ھاجى ياقۇپ بولۇپ، نابورچىكلار ئوسمانجان قاتارلىقلار ئىدى. 1940-يىلى كۈزدە ئالتۇندىكى دوختۇرخانا قىلىنغان جايغا كۆچكەن.

19. ئۇيغۇر ئۇيۇشما: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلى 3- ئايدا ( باشقا ناھىيىلەردە 4- ئايدا ) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دېيىلىدۇ ) تەشكىل قىلىندى . ئورنى : دوللۇق بايلارنىڭ سارىيىدا بولغان . (كېيىن خەنزۇ ، خۇيزۇ ئۇيۇشمىلىرىمۇ قۇرۇلدى). دەسلەپتە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ھوشۇرنىياز مۇپتى ئاخۇنۇم ، مۇئاۋىن رەئىسى ياقۇپجان (ئۆزبېك) ئىدى. باش كاتىپى نىزامىددىن ئەپەندىم (قايماق) ئىدى . ئۇيۇشما تەشكىلى : تەشكىلات ، مالىيە ، تەشۋىقات ، مەدەنىيەت بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مالىيە بۆلۈم قارمىقىدا ئاۋقاپ بۆلۈم بار ئىدى . ئۇنىڭ باشلىقى پېشقەدەم دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەمەت ھاجىم ئىدى . (ئەمەت ھاجىم 1940- يىلى 10- ئايدا رەئىس بولۇپ، 1944- يىلىغا قەدەر ئىشلىگەن). تەشۋىقات بۆلۈم قارمىقىدا سانايى نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) بولۇپ ، دەسلەپتە ئوبۇلقاسىم ئابىت باشلىق بولغان . مەدەنىيەت بۆلۈمىگە مەمتىمىن ھېلىموف باشلىق بولغان .

20. خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ (شەنلى مەكتەپ): خوتەندە تۇنجى قېتىملىق زامانىۋى يېڭى پەن-مەزمۇن قىلىنغان خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى 1935- يىلى ماخۇسەن ھۆكۈمىتى ئاچقان . ئورنى : ھازىرقى 2- ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان ئورۇندىكى قەدىمكى بۇتخانىنىڭ بىناسىدا ئىدى.

مەكتەپ مۇدىرى : چىڭ×× (خەنزۇ) ، ئوقۇتقۇچىلىرى : سۇ
يۈەنىڭ (خەنزۇ) ، مايۈەندى (خۇيزۇ) ، مۇسادامولla
(ئاتۇشلۇق، چەت ئەلدە ئوقۇغان كىشى) لار بولۇپ، جەم-
ئىي ئىككى سىنىپ بار ئىدى . ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ ،
ئۇيغۇر ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان . سان جەھەتتە
80دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇي-
غۇرلار 40 ئەتراپىدا ، خۇيزۇلار 15 ئەتراپىدا ئىدى .
ئوقۇش تۈزۈمى بەش يىللىق بولۇپ ، كۈندىلىك دەرس
ۋاقتى ئالتە سائەت ئىدى. ئاساسىي ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر :
خەنزۇ تىلى ، ھېساب ، تەبىئەت ، ھۆسنىخەت ، رەسىم ،
شېئىر ، تەنتەربىيە ، دىن دەرسلىرىدىن ئىبارەت . بۇ مەك-
تەپنى 1937- يىلى شېڭ شىسەي ئۆزگەرتىۋېلىپ ، 1938- يىلى
9- ئايدا بىر ئۇيغۇر سىنىپ كۆپەيتتى . 1940- يىلى
1- ئايدا ئۇيغۇر سىنىپىنى چايخانا مەكتەپكە قوشۇپ بېرىپ ،
خەنزۇ سىنىپىنى تەرەققىي قالدۇردى . ھازىرقى خەنزۇ
بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەنە شۇ مەكتەپتۇر .

21. ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن خەلق ئىچىدىن ۋەكىل
بولۇپ تۇنجى قېتىم ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ، خوتەندىن
ئۈرۈمچىگە سەپەر قىلىش :

1938- يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىدىغان «سەنچۈەن داخۇي»
(بىرىنچى قارار خەلق ۋەكىلى ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشما-

ۋەكىللى ۋە 4- قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئى-
بارەت) گە قاتنىشىش ئۈچۈن خوتەندىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما
رەئىسى ھوشۇر نىياز مۇپتى باشلىق ھەر ناھىيەدىن بىر-
دىن كىشى بولۇپ جەمئىي سەككىز ۋەكىل . تەنھەرىكەت مۇ-
سابىقىسىغا قاتنىشىدىغانلاردىن مەن (مەمتىمىن توختى)، ئا-
بابەكرى تۇرسۇن قاتارلىق بەش ئوقۇغۇچى ئالتە نەپەر
ھەربىينىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە ، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئى-
دارە باشلىقى سۈي جاۋتەيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1938- يىلى 8-
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا
چىقتۇق ۋە 18 كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇق . ئۇچاغ-
لاردا تاش يوللار بولمىغاچقا، قۇملۇق ، بوزاڭ يوللاردا
ماڭدۇق . دەريالاردا كۆۋرۈك يوق ، ماشىنىنى كېمىلەردە
ئۆتكۈزگەنىدۇق .

22. خوتەندە تۇنجى قېتىم يېڭى ئەدەبىي - سەنئەت
ئەسەرلىرىنىڭ سەھنىدە رەسمىي ئورۇنلىنىشى: 1938- يىلى
خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا سانايى نەفى-
سە (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلۇپ، تېخى سەھنىدە ئويۇن
كۆرسىتىپ باقمىغانىدى . مەن ۋە ئابابەكرى تۇرسۇن ئۈ-
رۈمچىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككىمىز ئۈرۈمچى سې-
فەندىن كۆچۈرۈپ يېزىۋالغان «مۇنەككۋاي» دېگەن نەش-
بەشلەرنى تەنقىتلەيدىغان كومېدىيىنى 1938- يىلى 11-

ئايدا جەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە رېپېتىتسىيە قىلىپ تەييارلاپ ، دەسلەپ خوتەندە ، ئاندىن كېيىن قاراقاش ، لوپ ناھىيىلىرىدە جەمئىي ئۈچ ئاخشام سەھنىدە كۆرسىتىپ ، ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق . شۇنداقلا ئۇيغۇر ئويۇشما قاتارلىق ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ياردەم قىلغان 5000 يۈەن پۇلنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن بەردۇق . شۇندىن كېيىن ، يەنى شۇ يىلى 12- ئايدا مەن ، ئابابەكرى تۇرسۇن ، مەھەممەت رەجەپ قاتارلىق ئالتە كىشى سانايى نەفىسىگە ئارتىس بولۇپ قوشۇلدۇق . يەنە سانايى نەفىسىگە ئاتاقلىق پېشقەدەم سەنئەتچىلەردىن ھاجى خانىم ، قاھارجان ، قوچقارباي قاتارلىقلار قاتنىشىپ ، ناخشا ، ئۇسسۇل ، كومېدىيە ۋە دramaلار سەھنىدە قويۇلۇشقا باشلىدى . 1939- يىلى داڭلىق قىزىقچى ، پېشقەدەم سەنئەتچى ئەمەت ئۆمەر ئۆلكىلىك سېھەنىنى پۈتتۈرۈپ ، شەنلى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن سانايى نەفىسگە قاتنىشىپ ، خوتەننىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى .

23. زامانىۋى يېڭى بىلىم ئوقۇتىلىدىغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى :

خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938 يىلى يازدا زامانىۋى يېڭى پەننى بىلىم ئوقۇتىلىدىغان ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپ-

ئۇيغۇر كىتاب ئورىكلى
www.uyghurkitap.com

لەر بارلىققا كەلگەن . 1938- يىلى 3- ئايدا ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشما قوزغۇلغاندىن كېيىن ، 6- ئايلاردا پېشقەدەم ئارىپ-
چى ، باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەمەت ھاجىم
ئۆزى تەربىيىلەۋاتقان غوجام كۆل مەكتىپىدىكى200دىن ئار
تۇق ئوقۇغۇچىنى ئۆزلىكىدىن باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى . ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەدەنىيەت بۆ-
لۈمى بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنى روزى بەگ
ھاجىنىڭ سارىيىدا ( ھازىرقى ئىلچى يېزىلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ دوختۇرخانىسى ئورنىدا ) ياتاقلاشتۇرۇپ تەشكىللىدى.
بۇنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەل ، يېتىم - يېسىر بالىلاردىن100
دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى دارىلئىتام ئوقۇغۇچىسى قىلىپ ،
ئۇلارنىڭ تاماق ، كېيىم - كېچەك ، ئوقۇش قورالى قا-
تارلىق بارلىق لازىملىق نەرسىلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۈس-
تىگە ئالدى . ئوغۇللار بىلەن قىزلارنى ئايرىپ،
ئوغۇللار مەكتىپىنى غوجام كۆل
مەھەللىسىدىكى مېلىك ھەزرەتنىڭ مەدرىسىدە قىلدى. قىزلار
مەكتەپنى ئابلاجان ھاجىنىڭ مەدرىسىدە (ھازىرقى جىڭ
مېھمانخانىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە) ئورۇنلاشتۇرۇپ، 1938-يىلى
9-ئايدىن باشلاپ رەسمىي دەرس باشلىدى. ئوغۇللار مەك-
تىپىگە ئوسمان ئىنىياز ھاجى مۇدىرى بولدى . (دارىل-
ئىتامغا قوشۇمچە باشلىنىش بولدى.) بۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى

ئوقۇتقۇچىلىرى ھۈسەيىن ئەپەندى، ئىسھاق نۇرى، سەيدۋاققاس نۇرى قاتارلىقلار. قىزلار مەكتىپىگە ھاجى خانىم مەكتەپ مۇدىرى بولدى. بۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرى زەيتۇنە خانىم قاتارلىقلار.

1939-يىلى خانىسايىپ (ئەسلى ئىسمى بەدىردىنخان) نىڭ قورۇسىنى ھۆكۈمەتكە سېتىۋېلىپ (بۇ جاي ئەسلى ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ بولۇپ، 1938-يىلى مەملىكىتىگە قايتۇرغان) مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئىش باشلاپ 1940-يىلى 6-ئايدا يېڭى بىناغا كۆچتۇق. (ھازىرقى چايخانا مەكتەپ) بۇ چاغدىكى مۇدىر ئابابەكرى تۇرسۇن بولۇپ، مەن ئىلمىي مۇدىر ئىدىم. بۇ مەكتەپنىڭ چايخانا مەكتەپ دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ: 1938-يىلى كۈزدىن باشلاپ ھازىرقى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيەسى بولغان ئورۇندا ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن بىر چايخانا ئاچقان. ئۇ چايخانىغا جورىبەي، قوچقار باي، زىياۋۇدۇن دېگەن كىشىلەر مەسئۇل بولۇپ، بۇ چايخانا ئىنتايىن بازار تاپقان. ئاخشاملىرى گازۋاي لامپا يېقىپ كېچىلىرىمۇ ئاچقان. ئابدىرېھىم لىتىپ قاتارلىق كىشىلەر مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل قىزىتاتتى. تامىقى مانتۇ، پولودىن باشقا چەركوپ، مەستاۋا قاتارلىق ئۆز بېكچە تاماقلار ئىدى. بۇ چايخانىنىڭ داڭقى ھەممە چايغا تارقىلىپ كېتەتكەچكە

1940-يىلى 6-ئايدا مەكتەپ مۇشۇ چايخانا بىلەن قوشنا بولۇپ كۆچۈپ چىققىش بىلەن كىشىلەر «چايخانىدىكى مەكتەپ» دەپ ئاتىدى. ھازىرغا قەدەر بۇ ئاتالغۇ داۋام قىلماقتا.

24. دارىلمۇئەللىمىن: خوتەندە تۇنجى قېتىملىق ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 1939-يىلى 1-ئايدىن 6-ئايغىچە ئالتە ئايلىق ئېچىلغان، ئىككىنچى قارارى 1939-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ بىر يىللىق ئېچىلغان بولۇپ، ھەر قېتىم ئىككى سىنىپ (80 ئوقۇغۇچى) قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىگەن. ئورنى، دەسلەپتە ھازىرقى سۇ ئىدارىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىدى. كېيىن ھېيتكار مەھەللىسىدىكى بۇتخانا بىناسىغا كۆچتى. ئۈچىنچى قارارنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىڭ بىناسىدا (بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشى 1939-يىلى باشلىنىپ، 1940-يىلى 9-ئايدىن بۇرۇن پۈتۈپ كۆچۈپ چىققان) ئاچقان. بىرىنچى، ئىككىنچى قارار دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىلىرى سوۋېتتە (تاشكەنتتە) ئوقۇغانلاردىن ئابدۇراخمان ھىدايوف، ياسىنوپ، ئابدۇغوپۇرلار ئىدى. ئۆلكىلىك سىفىنى پۈتتۈرگەنلەردىن ياسىن روزى ھاجى، مۇسا تۇردى، ھەسەن تۇردىلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پەن لىنگۇۋەن قاتارلىق بىر نەچچە باشلىقلارمۇ دەرس بېرەتتى. كېيىن-كېيىنچە، تاماق، ئوقۇش قوراللىرى بىلەن ھۆكۈمەت ناھايىتى ياخشى تەمىنلەيتتى. مەن ھەم ئاشۇ تۇن-

جى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان.

25. مۇزاكىرە كۇرسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1939-يىلى 7-، 8-ئايدا (يازلىق كانىكۇل ۋاقتىدا) ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ ئىككى ئايلىق مۇزاكىرە كۇرسى (بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى) ئاچقان. ئورنى كونا شەھەردىكى چوڭ ھېيتكارنىڭ باغ ھويلىسىدا بولغان. شۇندىن تارتىپ ھەر يىلى يازلىق كانىكۇل ۋاقتىدا مۇزاكىرە كۇرسى (بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى) ئېچىش يولغا قويۇپ كەلگەن.

26. مۇزىكا كۇرسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1940-يىلى 10-ئايدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا ئالتە ئايلىق مۇزىكا كۇرسى ئاچقان. مۇزىكا ئوستازى ھاجى مەمەت (تاشكەنتتە ئوقۇغان) ئىدى. شاگىرتلار ئالتە نەپەر بولۇپ، بۇلاردىن نادىرخان، ھوشۇر ئەيسالار ئىسكىرىپكا، دىمەن ئىمىن نەي، ماموتجان چاڭ، تۇرسۇنتوختى تەمبۇر، ئابدۇقادىر غوجى داپنى ئۆگىنىپ، مۇكەممەل مۇزىكانتلاردىن بولۇپ يېتىشكەن. بۇ كىشىلەر ھازىرمۇ داڭلىق مۇزىكانتلاردۇر. بۇ كۇرسقا دەسلەپتە مەن مەسئۇل بولغانىدىم. كېيىن قاراقاش ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكىنىمدىن كېيىن، ئوبۇلقاسىم ئابىت مەسئۇل بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

27. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1939-يىلى 9-ئايدا ۋىلايەت بويىچە 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ھەر بىيلەر قاتناشقان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى (يۈندۈڭخۇي) ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە 16 تۈر بويىچە بولۇپ، بىر ئادەم تۆت تۈرگە قاتنىشىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. مەن شۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ 1500 مېتىر، 800 مېتىر، 400 مېتىرگە يۈگۈرۈش ۋە چۆيۈن توپ ئېتىش تۈرىگە قاتنىشىپ، بىرىنچىلىككە ئېرىشتىم. ئابابەكرى تۇرسۇن 200 مېتىر، 100 مېتىر قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش ۋە ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش تۈرىگە قاتنىشىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. 1940-يىلى ئۆتكۈزگەن ئىككىنچى قېتىملىق يۈندۈڭخۇيدا مەرھۇم ھوشۇر ئەيسا 5000 مېتىر، 10000 مېتىر يىراققا يۈگۈرۈشتە بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشكەن. نادىرخان قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش، تاغارنى پۇتى تەرەپتىن كىيىپ يۈگۈرۈش قاتارلىق تۈرلەردە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

28. تاشيول ۋە دەريا كۆۋرۈكى: خوتەندە تۇنجى قېتىم خوتەندىن زاۋىغىچە بولغان تاش يول 1939-يىلى ياسالدى. يورۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكى بىلەن قاراقاش دەرياكۆۋرۈكى 1939-يىلى ياسالغان. 1940-يىلى زاۋىدىن گۇمىغىچە بولغان تاشيولنى ياساپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاتناش راۋانلاشقان.

29. دارىلئاجىز (فولىيون): 1939-يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن دارىلئاجىز تەشكىل قىلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى ئىگە-چاقىسىز، مېيىپ، تىلەمچى، ئەمگەك كۈچىدىن قالغان، باققۇچىسى يوق قېرىلاردىن، ئاجىزلاردىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن. ئورنى: ھەزرەت سۇلتان مازىرىدىكى مەدرىسىدە بولۇپ، باشلىقى ئەمەتجان مەخسۇم، زاپخوزى مەمەتنىياز خەلپەت ئىدى.

30. خۇسۇسىلار شىركىتى: خوتەندە تۇنجى قېتىم خۇسۇسىلار بىرلەشكەن سودا شىركەتلىرى 1939-يىلى تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ شىركەتلەر «ئىتتىپاق»، «بىرلىك»، «پىلە-پاختا» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان شىركەتلەردىن ئىبارەت ئىدى.

31. تراكتور: خوتەنگە تۇنجى قېتىم 1959-يىلىنىڭ ئاخىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېڭىئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىككى دانە سوۋېتتە ئىشلەنگەن زەنجىر تاپان تراكتور كەلگەن.

32. كۇلۇب: خوتەندە كىنو-تىياتىر كۇلۇبى تۇنجى قېتىم 1940-يىلى پۈتكۈزۈلۈپ، خەلق كۇلۇبى دەپ ئاتىلىپ ئويۇن قويۇش باشلانغان. كېيىن قىزىل يۇلتۇز كۇلۇبى دەپ ئاتىلىپ، 1973-يىلى قىشتا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسكەرتىش:

خوتەننىڭ پوچتا قاتناش ئىشى 1955-يىلىدىن بۇرۇن ئات-ئۇلاغ بىلەن قاتنايتتى. 1955-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ ماشىنا بىلەن قاتنايدىغان بولدى.

رادىئو، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، تېلېۋىزورلار خوتەنگە قاچان پەيدا بولغان؟ كىيىم تىكىش ماشىنىسى پەيدا بولغانغا بىر ئەسىر بولدى دېيىشىدۇ، سىز بىلەمسىز؟

باش مۇھەررىر: مەتقۇربان توختى (دۇخەيتىك)

تەھرىر: ئامىنەم نىياز

تەھرىر ھەيئەتلىرى: ھوشۇر ئەمەت ، ئىبراھىمجان

مەسئۇل كوررېكتور ئامىنەم نىياز

خوتەن تارىخىي ماتېرىياللىرى 和田文史资料

---

خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

«خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

---

تىرازى: 700